المعرفة
مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2015

4 ـ سان
(ئومۇمىي 13 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۈجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز
مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

# مۇندەرىجە

❖ ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى....سەيىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى 3

❖ تەكفىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى..........مۇھەممەد يۈسۈپ 9

❖ مىقاتتىن ئىھرام باغلىماي ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ھۆكمى...........
.................پەتىۋادا: دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ 13

❖ ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى(4)..ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 23

❖ ئىسلامدىكى ئېقىم ۋە ئىزىملار...........ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن 38

❖ ئۈچ ئەۋلاد سوت ئالدىدا.......ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەييارلىغان 48

❖ فاتىھە سۈرىسى ھەققىدە تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە......................ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 52

❖ ئۆلىمالارغا تىل ئۇزاتمايلى!...............مەھمۇد مۇھەممەد 58

❖ ئىسلامدا ھىممەتنىڭ ئورنى.....ئابدۇلئەھەد ئۈجات تەييارلىغان 52

❖ قايغۇرما...................مىركاملجان قەشقەرى تەييارلىغان 71

❖ ئۇستازىم شەمسىدىن قارىھاجىمنى ئەسلەيمەن...ئابدۇجېلىل تۇران 74

❖ مۇھەممەد نۇر قارىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى...ئابدۇلئەھەد ئۈجات 77

❖ قاقشىما (غەزەل)................مۇھەممەدئىمىن ئابدۇرېشىت 80

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat
Sefaköy Küçükçekmece Istanbul
TEL: 0212-6243928

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ! ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ ھەق، ئادالەت ۋە راستچىللىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن پرىنسىپلارنى بەلگىلىدى. پۇل-مال كىرىم قىلىش، ئىشلىتىش، كۆپەيتىش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار بويىچە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرىدى.

مال-مۈلۈكنى كۆپەيتىشتىكى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ شەكىللىرى قانداق بولسا بولسۇن، ئىسلام بۇنىڭدا مەلۇم بىر شەكىلگىلا ئېسىلىۋالمايدۇ. بۇ شەكىللەر بولسا زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنى ۋاقىت ۋە مۇھىت ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئىسلام ھەر زامان ۋە ھەر ھالەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىقتىساد ئىشلىرى قايسى شەكىلدە بولسا بولسۇن، بۇ پرىنسىپلارنىڭ مۇقىم تۇرۇشنى ۋە بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىنىشنى خالايدۇ.

## ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى

ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاللاھ تائالا زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقان. مۇشۇ زېمىندىن ئۆز رىزقىنى تېپىشقا تىرىشىش ھەر ئىنساننىڭ ھەققىدۇر. بۇ ھوقۇقتا ھەممە ئىنسانلار باراۋەر. ھەقدارلىق ۋە شېرىكچىلىك يولى بىلەن ھېچكىمنى بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ھوقۇقتا بىراۋدىن يەنە بىراۋنى ئارتۇق كۆرۈشكىمۇ بولمايدۇ. بىرەر شەخس، جەمەت ياكى تەبىقىنى بىرەر كەسىپ ياكى ئىقتىسادىي يوللاردىن چەكلەپ قويمايدۇ. بەزى كىرىم قىلىش ۋاستىلىرىنى ۋە كەسىپلەرنى بىر ئائىلە، نەسەب ياكى تەبىقىگە خاس قىلىپ، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش شەرىئەتتە توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ ياراتقان زېمىندىكى كىرىم قىلىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، رىزقىنى تېپىپ يېيىشكە تىرىشىش ھەممە ئىنساننىڭ ئورتاق ھەققىدۇر. بۇ تىرىكچىلىكنىڭ يولى ھەممىگە ئوچۇق بولۇشى كېرەك. ئىنسانلارنىڭ مېھنىتىسىز پەيدا بولغان تەبىئىي نېمەتلەردىن ھەر بىر كىشى ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ پايدىلانسا بولىدۇ. مەسىلەن: دەريا، بۇلاقنىڭ سۇلىرى، جاڭگالدىكى ئوتۇن-ياغاچلار، ئۆزى ئۆسۈپ قالغان دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى، ئوت-چۆپلەر، سۇ، ھاۋا، تاغ-باياۋانلاردىكى ھايۋانلار ۋە زېمىن ئۈستىدىكى كان-بايلىقلىرى قاتارلىقلارنى بىر كىمنىڭ باشقۇرىۋېلىش ۋە ئىگىلىۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ھەقسىز پايدىلىنىشقا چەكلىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇلمايدۇ. ئەمما تىجارەت مەقسىتىدە بۇ نەرسىلەردىن كۆپ مىقداردا ئېلىم ـ سېتىم قىلغانلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن باج قويۇلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي بېسىپ يېتىۋېلىش توغرا ئەمەس، ئۇ نەرسىلەردىن ياكى ئۆزى پايدىلىنىش كېرەك ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىش كېرەك. شۇڭغا ئاساسەن ئىسلام قانۇنى شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇكى ھېچكىمنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق بىكار ئاق تاشلىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇ تېرىلغۇ يېرىگە قۇرۇلۇش بىنا قىلماي، ئۆسۈملۈك تېرىماي ياكى ھېچقانداق بىر ئىشقا ئىشلەتمەي تاشلاپ قويسا، ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن ئۇ يەر تاشلاندۇق يەر قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىم كېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئىگىسىنىڭ دەۋا قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى ئەسلى ئىگىسىدىن باشقا بىر كىمگە ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ.

كىمكى تەبىئەت خەزىنىسىدىكى ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، قابىلىيىتى ۋە ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پايدىلىق بىر نەرسە ئىشلەپ چىقارسا ياكى ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرسە، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ۋە ئۇ كىشى ئۇنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بوز يەرنى ئېچىپ پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە، ئۇ يەر ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۈلكىگە ھېچكىم دەخلى ـ تەرۇز قىلالمايدۇ. ئىسلامىي مەنبەلەرگە ئاساسەن دۇنيادىكى بارلىق ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ باشلىنىشى مۇشۇنداق بولغان. بۇرۇن ئىنسانلار زېمىندا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغاندا ھەممە نەرسە ھەر كىم ئۈچۈن ھەقسىز ئىدى. كىم بۇ ھەقسىز نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىپ، پايدىلىنىشقا يارايدىغان قىلسا، ئۇنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان، يەنى ئۇ نەرسە شۇ كىشى ئۈچۈن خاس بولۇپ، باشقىلار ئىشلەتمەكچى بولسا، ئىگىسى ئۇنىڭدىن ھەق تەلەپ قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىقتىساد پائالىيەتلىرىنىڭ تەبىئىي ئاساسى، بۇ ئاساس ئۆز ئورنىدا تۇرۇشى كېرەك.

كىمكى دۇنيادا قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەر ھالەتتە ھۆرمەتلىنىشى ۋە قوغدىلىشى كېرەك. ئەگەر مۇنازىرىلىشىدىغان ئىش بولسا، پەقەت بۇ ئىگىدارچىلىق قانۇنىي جەھەتتىن توغرىمۇ ياكى خاتامۇ دېگەن تېمىدا مۇنازىرە قىلىشقا بولىدۇ. قانۇنسىز يوللار بىلەن ئىگىلىنىۋېلىنغان يەر تارتىۋېلىنىشى كېرەك. ئەمما قانۇنلۇق توغرا يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئىگىدارچىلىق بولسا، ھەر قانداق ھۆكۈمەت ۋە قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىش ياكى ئىگىلىرىنىڭ قانۇنى ھوقۇقلىرىنى ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن كېمەيتىۋېتىش ھەققى يوق. ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دېگەن نام بىلەن ئىسلام شەرىئىتى بەرگەن شەخسىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەر قانداق قانۇن تۈزۈشكە بولمايدۇ. ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىقنى شەرىئەت ئۆزى بەلگىلىگەن. بۇ بەلگىلەنگەن ھوقۇقنى كېمەيتىۋېتىش ياكى چەكلەش قانچىلىك زۇلۇم بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە قوشۇپ قويۇشمۇ شۇنچىلىك زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاردىن ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەننى ئېلىشتۇر. مانا بۇ ئىسلامنىڭ شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقنى تەڭشەش ئۇسۇلى.

## تەقسىماتتىكى تەڭلىك مەسىلىسى

ئاللاھ تائالا نېمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتا تەڭلىكنى ئاساس قىلمىغان، بەلكى ئۆز ھېكمىتى بىلەن بەزى ئىنسانلارغا بەزىسىدىن ئارتۇق بەرگەن، مەسىلەن: گۈزەللىك، يېقىملىق ئاۋاز، تەن ساقلىق، جىسمانىي كۈچ، ۋە زېھنىي قابىلىيەت قاتارلىقلاردا ھەممەيلەن باراۋەر ئەمەس.

شۇنىڭدەك رىزقمۇ بەزىلەرگە كۆپ، بەزىلەرگە ئاز بېرىلگەن. ئاللاھ ياراتقان تەبىئەتنىڭ ئۆزى ھەم ئىنسانلارنىڭ قابىلىيەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك رىزىق جەھەتتىمۇ پەرقلىق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلامنىڭ قارىشىدا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا بىر سۈنئىي ئىقتىسادىي باراۋەرلىك قۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن تەدبىرلەر غايە ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن خاتا دەپ قارىلىدۇ. يەنە رېئاللىقمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. ئىسلام رىزىق جەھەتتىكى باراۋەرلىككە ئەمەس، بەلكى رىزىقنىڭ يوللىرى، كىرىم قىلىش ۋاستىلىرى ۋە پۇرسەتلىرى جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى قوللايدۇ. ئىسلام جەمئىيەتتە ھەر كىم ئۆز قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىغا يارىشا تىرىكچىلىك ۋە كەسىپ قىلىشنى چەكلەيدىغان قانۇننى رەت قىلىدۇ. يەنە بەزى جەمەت، تەبىقە، ئىرق، گورۇھ، ئائىلەرنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇشىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىمۇ خالىمايدۇ. مانا بۇ ئىككى ئۇسۇل تەبىئىي باراۋەرسىزلىكنىڭ ئورنىغا مەجبۇرىي بىر باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئىسلام ئۇنداق ياسالما باراۋەرسىزلىكنىڭ ئورنىغا بىر تەبىئىي باراۋەرسىزلىكنى قويىدۇ. دېمەك ئىسلام ياسالما باراۋەرسىزلىكنىڭ ئورنىغا جەمئىيەتتە ھەر شەخسكە تىرىكچىلىك پۇرسەتلىرى كەڭ ئېچىلغان تەبىئىي مۇھىت پەيدا قىلىشنى خالايدۇ. بەزى كىشىلەر ئىشلەپ-چىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە نەتىجىسى جەھەتتىن ھەممە ئادەمنى مەجبۇرىي باراۋەر قىلىشنى خالايدۇ، ئەمما ئىسلام بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تەبىئىي باراۋەرسىزلىكنى ياسالما باراۋەرلىككە ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. تەبىئىيلىككە ئەڭ يېقىن تۈزۈم شۇكى، ھەركىم تىرىكچىلىك مەيدانىدا ئاللاھ تائالا بەرگەن قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىغا يارىشا ئىش قىلىشتۇر. مەسىلەن: كىمگە ماشىنا بېرىلگەن بولسا، ئۇ ماشىنىسى بىلەن ماڭسۇن، ئىككى پۇتىدىن باشقا نەرسىسى بولمىسا، پىيادە ماڭسۇن. كىمكى ھاسا تاياق بىلەن ماڭىدىغان توكۇر بولسا، ھاسا-تاياق بىلەن ماڭسۇن. ماشىنىسى بار كىشىنىڭ داۋاملىق ماشىنىدا يۈرۈشنى قوللاپ، توكۇرنىڭ ماشىنىغا ئېرىششكە توسقۇنلۇق قىلماسلىق كېرەك. ھەممىگە ئىمكانىيەت تولۇق ھازىرلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا توكۇر ھاسىسى بىلەن مېڭىپ ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە قابىلىيىتى بىلەن ماشىنىغا ئېرىشەلەيدۇ.

## ئىجتىمائىي ئادالەت

ئىسلام پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تىرىكچىلىك مۇسابىقىسى ۋە ئىقتىسادىي رىقابەتكە قاتنىشىش يوللىرىنى ھەممىگە ئوچۇق بايان قىلىپلا بولدى قىلماستىن، بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ بىر-بىرىگە رەھىمدىل ۋە ياردەمچى بولۇشىنى، رەھىمسىز ۋە قاتتىق قول بولماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىگە ئىگە-چاقىسىز، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قوللىرىنى سۇنۇش توغرىسىدا ئەخلاقىي تەلىماتلارنى سىڭدۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە يېتىم-يېسىر، مېيىپ، ئىگە-چاقىسىز ئاجىزلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىزچىل كاپالەتلىك قىلىدىغان پاراۋانلىق ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. تىرىكچىلىك كۆرىشىگە قاتنىشالمىغان بىچارىلەر ئەنە شۇنداق ئورگانلاردا پاناھلانسۇن، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي يىقىلىپ چۈشكەنلەرنى بۇ ئىدارە يۆلەپ قويسۇن، بۇ مەيدانغا چۈشۈشتە ياردەمگە موھتاج بولغانلار بولسا، ياردەم قىلىنسۇن! دەيدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە ئىسلام قانۇنىنىڭ روھىغا ئاساسەن مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: ھەر يىلى دۆلەتنىڭ ئومۇمى بايلىقىدىن يىگىرمە بەش پىرسەنت، شۇنىڭدەك تىجارەت مېلىدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت زاكات ئېلىش، بارلىق ئۆشرىلىك يەرلەردىن چىققان دانلار ۋە مېۋىلەردىن ئون پىرسەنت ياكى بەش پىرسەنت، بەزى كان بايلىقلىرىدىن يىگىرمە پىرسەنت، يەنە چارۋا ماللاردىن سانىغا قاراپ يىللىق زاكات ئېلىپ، توپلانغان بارلىق پۇل-ماللارنى پېقىر-مىسكىنلەر، يېتىم-يېسىرلار، مېيىپ ۋە باشقا ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بۇيرىدى. بۇ شۇنداق ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاپالەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى نەتىجىسىدە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھەر قانداق كىشى ھاياتىنىڭ مۇھىم زۆرۈرىيەتلىرىدىن ھەرگىز مەھرۇم بولۇپ قالمايدۇ. ھەرقانداق بىر خىزمەتچى يوقسۇزلۇقتىن خىزمەتتىكى زاۋۇت باشلىقى ياكى يەر ئىگىسىنىڭ قويغان يولسىز شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ. ھېچكىم كېسىلىنى دوختۇرخانىدا داۋالىتالمىغۇدەك دەرىجىدە نامرات ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايدۇ. ھەر بىر شەخسنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

ئىسلام شەخس بىلەن ئۇممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەخسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسنىڭ ئەركىنلىكى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بىر ئۆلچەم تۇرغۇزۇشنى خالايدۇ. ئىسلام ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ شەخسنىڭ ھوقۇقىنى يەۋېتىدىغان ۋە شەخسنىڭ تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەركىنلىكنى يوق قىلىۋېتىدىغان ھەر قانداق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ. قايسى بىر دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى خەلقنىڭ مۈلكى قىلىپ قويۇشنىڭ نەتىجىسى دۆلەتتىكى بارلىق كىشىلەرنى ئۇممەتنىڭ ئىسكەنجىسىگە باغلاپ قويغانلىق بولۇپ، بۇ ھالەتتە شەخسنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ بەلكى ئالغا ئىلگىرىلەش مۇمكىن بولمايدۇ. شەخس ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەركىنلىك قانچىلىك زۆرۈر بولغان بولسا، ئىقتىسادىي ئەركىنلىكمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بىز ئادىمگەرچىلىكنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنى خالىمايمىز، پەقەت جەمئىيەتتە ئاللاھنىڭ ھەر بىر بەندىسى ئۈچۈن ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشكە پۇرسەت بولۇشىنى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي قابىلىيەتلىرىنى خالىغانچە جارى قىلدۇرۇشقا شەرت-شارائىت بولۇشىنى خالايمىز. ھەقىقەت شۇكى ئاچقۇچى باشقىلارنىڭ قولىدا بولغان چەكلىك ماائاش بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلى تىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ماائاشنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ قوساقنى تويغۇزۇپ، بەدەننى سەمرىتكەن تەقدىردىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىك ۋە باشقىلارغا بېقىنىپ قىلىشتىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام كىشىلەرنى يۈگەنسىز ئەركىن تاشلىۋېتىدىغان، خالىغىنىنى قىلىپ خەلققە زىيان يەتكۈزسە ئەركىنلىك دەپ قارايدىغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام مۇشۇ ئىككى چەكلىمە ۋە ئەركىنلىك ئوتتۇرىسىدا بىر يول تۇتقان بولۇپ، باشتا شەخسكە ئاممىغا قارىتا بىر نەچچە خىل چەكلىمە ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئارتىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىشىدا ئەركىن قويۇپ بېرىدۇ. بۇ چەكلىمە ۋە مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھەممىنى بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئورۇن يوق، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بايان قىلىمەن.

## مەسئۇلىيەت ۋە چەكلىمىلەر

ئىسلام پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ، ھالال ۋە ھارامنىڭ چەك-چېگرىسىنى شۇنداق ئېنىق ئايرىپ بەردىكى، دۇنيادىكى ھېچقانداق قانۇن ئۇنداق ئېنىق ئايرىغان ئەمەس. ئىسلام بىر ئادەم باشقىلارغا ۋە ياكى پۈتۈن جەمئىيەتكە ماددىي ياكى مەنىۋىي، ئەخلاقىي ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزۈپ پۇل تاپىدىغان بارلىق ۋاستىلارنى ھارام دەپ بەلگىلەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئېلىپ-سېتىش، پاھىشە، ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن جان بېقىش، قىمار، رەمباللىق، جازانىخورلۇق، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە جەزمەن پايدا بولىدىغان كۆز بويامچىلىق تىجارەتلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش قاتارلىق جەمئىيەتكە ھەر قايسى جەھەتتىن زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قەتئىي ھارام قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنەزەردىن سىز ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمنى دىققەت بىلەن ئانالىز

قىلىدىغان بولسىڭىز، بىر ئۆزۈن تىزىملىك كۆزىڭىزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇ تىزىملىكتە نۇرغۇنلىغان هارام يوللار بولۇپ، هازىرقى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاستىدا كىشىلەر شۇ يوللار بىلەن مىليونېر بولماقتا. ئىسلام بۇ هارام يوللارنى قانۇنىي جەهەتتىن هارام دەپ چەكلەيدۇ. ئىسلام كىشىلەرگە پەقەت باشقىلارنى هەقىقىي رازى قىلىپ، ئىشنى قىلىپ بېرىپ، ئادىللىق بىلەن هەققىنى ئالىدىغان، توغرا يوللار ئارقىلىق پۇل تېپىش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ.

ئىسلام هالال يوللار بىلەن تاپقان پۇل-ماللارغا قارىتا شەخسىي ئىگىدارچىلىق هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن بۇ هوقۇقمۇ چەكسىز بولمايدۇ. هالالدىن تاپقان مال-مۈلۈكنى توغرا ۋاسىتىلەر ئارقىلىق توغرا يوللارغا ئىشلىتىشكە بەلگىلىمە قويىدۇ. شۇنداق بەلگىلىمە ۋە چەكلىمىلەرگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئىنسان پاك ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بۇ چەكلىمىلەر ئۇنى پۇل-مالنى هەددىدىن زىيادە سەرپ قىلىش، ئەيش-ئىشرەتكە ئىشلىتىش، ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە شان-شەۋكىتىنى كۆز-كۆز قىلىش هەمدە ئۆزىنى هەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈشتىن توسىدۇ. پۇل-مالنى ئىسراپ قىلىشنىڭ بەزى شەكىللىرىنى ئىسلام قانۇنىدا ئوچۇق هارام دەپ بەلگىلىگەن، بەزى شەكىللىرىنى ئوچۇق هارام دېمىگەن بولسىمۇ، ئىسلامىي هۆكۈمەتكە دۆلەت ئىچىدە ئىسراپچىلىقلارنى توسۇشقا هوقۇق بەرگەن.

توغرا يوللار بىلەن تاپقان مال-مۈلۈكنى دۇرۇس ئىشلارغا سەرپ قىلغاندىن كېيىن ئاشقىنىنى توپلاپ ساقلىسىمۇ، كۆپەيتىش ئۈچۈن باشقا كەسىپ-تىجارەتلەرگە دەسمى قىلسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى هوقۇقتىمۇ چەكلىمە بار، توپلىغان پۇل هەر يىلى ئۆلچەمدىن ئاشقان بولسا، زاكىتىنى بېرىش كېرەك. تىجارەتكە دەسمايە سالماقچى بولسا، پەقەت توغرا، هالال تىجارەتكە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. توغرا تىجارەت ئۆزى دەسمى سالغان تىجارەت بولسۇن ياكى باشقا بىرسىگە ئۆزىنىڭ دەسمىسى بىلەن پۇل، يەر ۋە ماشىنا سايمانلارنى بېرىپ، پايدا-زىيىنىغا شېرىك بولىدىغان تىجارەت بولسۇن هەر ئىككىلىسى توغرا.

كىمكى مۇشۇ چەك-چېگرا ئىچىدە تۇرۇپ مىليونېر بولۇپ كەتسىمۇ، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە هېچقانداق خاتالىق هېسابلانمايدۇ. بەلكى ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىگە قىلغان ئىنئامى ۋە نېئمىتى دەپ هېسابلايدۇ، لېكىن ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىككى شەرتنى قويىدۇ. بىرىنچىسى، تىجارەت مېلىغا زاكات، زىرائەتتىن ئالغان مەهسۇلاتلارغا ئۆشرە ئادا قىلىش. ئىككىنچىسى، تىجارىتىگە ياكى زىرائىتىگە شېرىك بولغان ياكى مائاشقا ئىشلەيدىغانلارغا قارىتا مۇئامىلىدە ئادىل بولۇش، ئۇلارنىڭ هەققىنى ئىنساپ بىلەن ئادا قىلىش، ئەگەر ئۇ ئۇلارغا ئادىل بولمىسا، ئىسلامىي هۆكۈمەت ئۇنى ئادىل بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

يەنە ئىسلام توغرا يوللار ۋە چەكلىمە ئىچىدە تاپقان مال-مۈلۈكنى ئۇزۇن مۇددەت بېسىپ يېتىشىلىشقا ۋە توپلىنىشىلىشقا يول قويمايدۇ. بەلكى مىراس قانۇنى ئارقىلىق بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئىسلام قانۇنىنىڭ تۇتقان يولى دۇنيادىكى باشقا هەر قانداق قانۇنلاردىن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلام قانۇنى بىر ئادەمنىڭ هاياتىدا تاپقان مال-مۈلكنى ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنلا دەرهال ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرى بولمىسا، نەسەب ياكى نەسلى تەرەپتىن تۇتۇشىدىغان يىراق تۇغقانلىرىغا، ئەگەر ئۇلارمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسى پۈتۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنىسى ناهايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىدىكى شەرت ۋە بەلگىلىمىلەر مال-مۈلۈكنى بېسىپ يېتىشىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان هەر قانداق زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(مۇهەممەد سادىق ئىسمائىل تەرجىمىسى)

www.uyghurkitap.com



# تەكفىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى (1)

مۇھەممەد يۇسۇپ

ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرگەن، ھازىرمۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەكفىر (مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا مەنسۇپ قىلىۋېتىش) ئېقىمى ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ ئېقىم مۇسۇلمانلارنى مەلۇم خاتالىقى ياكى دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە بولغان بىپەرۋالىقى سەۋەبلىك، ئالدىراپ كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىۋېتىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ كىشىلەر ئۆزلىرى بىلەن ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىمىدىكى مۇسۇلمانلارنى شەرئىي ئۆلچەملەرگە سالماي تۇرۇپلا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىۋېتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر دېتىگە ياقمىغانلارنى ئالدىراپلا «مۇناپىقلار» ياكى «كاپىرلار» ۋە ياكى «تاغۇتلار» دەپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەر پەقەت كاپىرلارغىلا ئىشلىتىلسە بولىدىغان سۆزلەردۇر. مۇسۇلماننى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىش ئېقىمى مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدىمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

تەكفىر ئېقىمى ئىسلام ئەللىرىدە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلەيدىغان، ياخشى نىيەتلىك، بىراق دىنىنى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، شەرىئەت ئىلىملىرىدىن ئالغان دەسمايىسى ئىنتايىن ئاز، پىكىر دائىرىسى ئىنتايىن تار، پەقەت ھاياجان بىلەنلا ئىش كۆرىدىغان، قېنى قىزىق بىر قىسىم كىشىلەر ئەۋجىگە چىقارغان بىر ئېقىم بولۇپ، بۇ ئېقىم ئىنتايىن چوڭ خاتالىقلارنىڭ ۋە خاتا پەتىۋالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

## تەكفىر ئېقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تەكفىر ئېقىمى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرگەن بىر خەتەرلىك ئېقىم بولۇپ، بۇنى خاۋارىجلار ئوتتۇرىغا چىقارغان. خاۋارىج - «خارىج» يەنى (چىققان) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، دىنىنىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتكەن

ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن ئىسلام پىرقىسىدۇر. ئۇلار ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ۋە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ساھابىلەرنى، ھەتتا كاتتا خەلىپىلەردىن ئوسمان ئىبنى ئاففان ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىقلارنىمۇ «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان، ھەتتا ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە قەتلى قىلىۋەتكەن پىرقىدۇر.

## كاتتا ئۆلىمالارنىڭ خاۋارىجلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىمام ئەزەم مۇرجىئەلەر[1] بىلەن خاۋارىجلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز مۇرجىئەلەرگە ئوخشاش مۇئمىن گۇناھ قىلسا ئىمانىغا زىيىنى بولمايدۇ، دېمەيمىز، خاۋارىجلار دېگەندەك گۇناھ قىلغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ دەپمۇ قارىمايمىز. بىز دەيمىزكى، كۇفرى بىلەن شېرىكتىن باشقا گۇناھلىرى بولۇپ، تەۋبە قىلماستىن ئۆلگەن مۇئمىننىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، مۇنداق ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ»[2]. ئىمام تاھاۋى مۇنداق دېگەن: «گۇناھنى ھالال ساناپ قىلمىغان ھېچبىر مۇسۇلماننى گۇناھى سەۋەبلىك كاپىرلىققا چىقارمايمىز، گۇناھ قىلسا ئىمانىغا زىيىنى يوقمۇ دېمەيمىز، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز ۋە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈشنى سورايمىز، ئەمما ئۇلارنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز، مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھكارلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قورقىمىز، ئەمما ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەيمىز»[3]. ھەنەفىي ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى ئەبۇلئىز تاھاۋىينىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدا مۇرجىئەلەرنىڭ ‹كاپىر ئىبادەت قىلسا پايدىسى بولمىغاندەك، مۇئمىن گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا زىيان يەتمەيدۇ› دەيدىغان سەپسەتىگە ۋە خاۋارىجلارنىڭ ‹مۇسۇلمان ئادەم قانداقلا بىر گۇناھنى ياكى قانداقلا بىر چوڭ گۇناھنى قىلىش بىلەن كاپىر بولىدۇ› دەيدىغان ئاشقۇنلۇققا رەددىيە بېرىلگەن».

ئىمام شەھرىستانى «مىللەتلەر ۋە دىنلار» ناملىق ئەسىرىدە خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار سايلاپ چىققان ھەقىقىي ئىسلام خەلىپىسىگە قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجدۇر. مەيلى ئۇلار ساھابىلەرنىڭ زامانىدا چىققان بولسۇن، مەيلى قايسىبىر زاماندا چىقسۇن، ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىلارغا قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجدۇر»[4]. ئىمام ئىبنى ھەزم شەھرىستانىنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر زاماندا بولمىسۇن، خاۋارىجلارنىڭ پىكىر ئېقىمىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقانلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجلاردۇر».

## تەكفىر ئېقىمىغا تۈرتكە بولغان ئامىل

خاۋارىجلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل ئۇلارنىڭ

[1] مۇرجىئەلەر- ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە خاۋارىجلارنىڭ زىتىغا چىققان مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار «كاپىر ئىبادەت قىلسا پايدىسى بولمىغاندەك، مۇئمىن گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا زىيان يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇلار كۆپلىگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ئەھلى سۈننە بىلەن زىتلىشىدۇ.

[2] ئىمام ئەزەمنىڭ «ئەلفىقھۇل ئەكبەر» ناملىق ئەسىرى164 ـ 167 ـ بەتلەر.

[3] ئىمام تاھاۋىنىڭ «ئەقىدەتۇتتەھاۋىيە» ناملىق ئەسىرىگە ئىبنى ئەبۇلئىزنىڭ شەرھى2/31.

[4] شەھرىستانىنىڭ« مىللەتلەر ۋە دىنلار» ناملىق ئەسىرى1 ـ تۇم، 114 ـ بەت.

ئەقىدىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ خاتا ئەقىدىسى سەۋەبلىك نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى مەلۇم بىر گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كاپىرلىققا چىقىرىپ كەلگەن، ساھابىلەرنى، ھەتتا كاتتا ئىسلام خەلىپىلىرىدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئوسمان ئىبنى ئاففان قاتارلىق زاتلارنىمۇ كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقان.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرمەيدىغان مۇسۇلمانلار توپىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بىر پىرقە بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىلا ئۆلتۈرۈپ كەلگەن ۋە ئۇلارغىلا زىيانكەشلىك قىلغان پىرقىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە[1] خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار دىنىنىڭ روھىدىن چىقىپ كەتكەن بىر ئازغۇن پىرقە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە كېيىنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دېگەن. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىق ساھابىلەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى «كاپىرلار» دەپ ھۆكۈم قىلمىغان، ئۇلار ئۇرۇشنى ئۆزلىرى باشلىمىغۇچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغان. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاۋارىجلارنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. بۇخارى ۋە مۇسلىمدا سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن ئىراق تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئۇ جايدىن بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ، ئۇلار ئىسلامدىن خۇددى ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەكلا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن. يەنە ئىمام ئىبنى ماجە ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر»[3] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

## زامانىمىزدا تەكفىر ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر

زامانىمىزدا تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەسلىك ۋە پىكرىي جەھەتتىكى قاتماللىق. تەكفىر ئېقىمىدىكىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە غايىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەئۋىل قىلىپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ،

---

[1] ئىبنى تەيمىيە ـ تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇسالام ھىجرىيىنىڭ 661 ـ يىلى (1263م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. «شەيخۇلئىسلام» دېگەن ئىسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مازارلارغا چوقۇنۇش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش قاتارلىق بىدئەت ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلغان. فىقھى، تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە قاتارلىق ماۋزۇلاردا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. شېئىرمۇ يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى» بولۇپ، 27 توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. ھىجرىيىنىڭ 728 ـ يىلى (1328م) 67 يېشىدا تۈرمىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسىرى 282/3 ـ بەت.
[3] بۇ ھەدىسنى ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى راۋا كۆرمەكتە.

2. شەرىئەت ئىلىملىرىدىن چوڭقۇرراق مەلۇماتقا ئىگە بولماي تۇرۇپلا، ئىنتېرنېتتىن ياكى مۇبەللىغلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئازراق بىر نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىپلا، ئىسلام دېگەن مانا مۇشۇ ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىش.

3. پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆز خاھىشى بويىچە پەتىۋا بېرىش. تەكفىر ئېقىمدىكىلەر دىن نامىدىن پەتىۋا بېرىشنىڭ دىنىي مەسىلىگە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن قول قويۇش ئىكەنلىكىنى ۋە پەتىۋا بېرىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى بىلمەستىن، ئاللاھ تائالادىن قورقماي ئاغزىغا كەلگەنچە پەتىۋا چىقىرىپ، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلماقتا.

4. ئىخلاسقا ۋە ياخشى نىيەتكىلا كۇپايە قىلىپ، ئىلىم بىلەن قوراللانماسلىق. چۈنكى مۇسۇلمانلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئىسلامىي ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يالغۇز ئىخلاس ياكى ياخشى نىيەت كۇپا قىلمايدۇ، بەلكى چوقۇم بىلىملىك بولۇش، ھوشيار، تەقۋا ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. خاۋارىجلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ ئىخلاسمەن، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر بولسىمۇ، شەرىئەت ئىلىملىرىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە نېسىۋە ئالالمىغانلىقتىن «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالغان، ھەتتا كاتتا ساھابىلەرنىمۇ «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشقان.

5. ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. ئىلىم ئۆگىنىش ئىبادەت بولغانلىقى ۋە خېلى كۆپ ئىبادەتلەردىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلەردىن باشلاپ بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت ۋە جىھاد قىلىشتىن ئاۋۋال ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىپ كەلگەن. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن: «بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى خۇددى خاتا كوچىلاردا ئاداشقان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. ئىبادەت بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنى بىر-بىرىگە قارشى قىلمىغان ھالدا ئىلىم ئۆگىنىڭلار. بەزى قەۋملەر شۇ زاھىرى ئىبادەتلەرگە كۇپايە قىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىشنى تەرك ئەتكەنلىك سەۋەبلىك، نادانلىقتىن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا قىلىچ تەڭلىدى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن نېسىۋىسى بولسا ئىدى، ھەرگىز بۇنداق قىلمىغان بولاتتى.»

6. ئۆزىنىڭ پىكىر ئېقىمى بىلەن ماسلاشمايدىغان پىكىر ئېقىمدىكىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانىماسلىق ۋە ئۆزىنىڭ پىكرىنى كۈچلەندۈرۈپ بەرمىگەن ھەر قانچە كاتتا ئۆلىمانىمۇ ئۆلىما سانىماسلىق ۋە ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلىش. بۇ ئەڭ خەتەرلىك نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى كاپىر دەيدىغانلار ئاساسەن ئۆزى ئەگەشكەن پىكىر ئېقىمىغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ موللىلىرىدىن باشقىسى ئالىم سانالمايدۇ.

## كۇفرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

كۇفرى دېگەن نېمە؟

«كفر» (كۇفرى) كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى پەردىلەش، يوشۇرۇش ۋە يېپىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ياكى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان ئېيتىش بەلگىلەنگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىش كۇفرىلىق، دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەر شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقتۇر، ئۇنىڭ دىنى ۋە بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىق بىر تەرەپتىن بۇ ئۇچۇق ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت يارىتىلىشتىكى تەبىئىي پىترەتنى يوشۇرغانلىق بولۇپ، مۇنداق ئادەم «كاپىر» يەنى ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى دەپ ئاتالغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا ئەلەملىك ئازاب تەييارلىدۇق»[1]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىزلار، باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلىدىغان يەھۇدىي-خرىستىيان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۇفرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق، يەنە بىرى ئەمەلدىكى كۇفرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ئىماندىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كۇفرىلىق گۇناھقار قىلسىمۇ بىراق ئىماندىن چىقارمايدۇ.

ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. كۇفرى ئىنكار

كۇفرى ئىنكار-قۇرئان كەرىمگە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە ياكى ئۇلاردا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ۋە ياكى ئۇلار ئارقىلىق بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرزلەرنىڭ ياكى ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: «ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟»[2].

2. كۇفرى تەكەببۇر

كۇفرى تەكەببۇر-ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقتۇر. بۇ خىلدىكى كۇفرى ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشاش كۇفرىدۇر. چۈنكى ئىبلىس ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»[3].

دېمەك، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۇچۇن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىردۇر.

3. كۇفرى شەك. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىماننىڭ قايسى بىرىگە شەك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: «(كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر

---

[1] نىسا سۈرىسى 150-151-ئايەتلەر.

2 ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 - ئايەت.
3 بەقەرە سۈرىسى 34 - ئايەت.

مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا، سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ دېدى»[1]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئادەم شەكسىز كاپىردۇر.

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

4. كۇفرى ئىبتىراز

كۇفرى ئىبتىراز. بۇ، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. «كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر»[2].

بۇ ئايەتتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن ۋە ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ شەكسىز «كاپىرلار» ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

5. كۇفرى نىفاق

كۇفرى نىفاق. بۇ، تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ.»[3]

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى كۇففارلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق كاپىر بولىدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ ۋە ئىمان بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.

## ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. كۇفرانى نېئمەت

كۇفرى نېئمەت. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر كۇفرانى نېئمەت قىلىپ (تۈزكورلۇق) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ.»[4]

2. كۇفرى مەئسىيەت

كۇفرى مەئسىيەت. بۇ، ئىسلام دىنىدا كۇفرىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ۋە يامان ئىشلار دېمەكتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

① مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: «مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر.»[5]

1 كەھف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.
2 ئەھقاف سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
3 بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
4 ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
5 بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

② ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە زىنا قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: «زىنا قىلغۇچى مۆئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۆئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ.»[1]

③ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ.»[2] بۇ ھەدىستىكى كاپىرلىق ئىماندىن چىقىرىدىغان دەرىجىدىكى ئېتىقادىي كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

### 3. كۇفرى ھۆكۈم

كۇفرى ھۆكۈم. بۇ، ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: «كىملەركى، ئاللاھ چۈشۈرگەن «قۇرئان» بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.»[3]

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ شەرئىتىنى «بۇ ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ياكى ئوخشاش سانىغانلىق سەۋەب بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەرئىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقادىتكى كۇفرىلىقنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۇفرىلىق ئېتىقادىي كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ.[4]

ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلامدىن ياكى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە، كاپىر بولمايدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئومۇمغا قارىتىلغان ھۆكۈمدۇر. ئەمما بىرەر شەخسنى كاپىر دېيىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنى ئېنىقلاپ كاپىر بولغانلىقىغا ئۆزىنىڭ ئىقرارى ياكى ئوچۇق دەلىل ـ ئىسپات شەرتتۇر. ئومۇمەن تۆۋەندىكىلەرنى كافىر دەپ قاراش لازىم:

1. ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلار.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلىگەنلەر.
3. ئىسلام دىنىنى ياكى «قۇرئان كەرىم»نى مەسخىرە قىلغۇچىلار.
4. دەھرىيىلەر[5] ۋە زامانىمىزدىكى كوممۇنىستلار.
5. يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار.
6. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار.
7. ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئازغۇن پىرقىلەردىن باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى. بۇلارنىڭ كاپىرلىقىدا شەك يوق. چۈنكى ئىسمائىلىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى توغرۇلۇق شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاپىرلىقىدىنمۇ ياماندۇر. چۈنكى ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن. باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى يىڭى بىر دىن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ،

1 مۇسلىم رىۋايىتى.
2 ئەھمەت رىۋايىتى.
3 مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
4 دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ئىبادەت» ۋە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل فەۋزاننىڭ «تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

5 دەھرىيىلەر ـ «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى مۇشۇ ھاياتىمىزدۇر، (بىر تەرەپتىن) ئۆلىمىز، (يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتقا كۆز ئېچىپ) تىرىلىمىز . زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولۇپ تۈگىشىمىز» دەيدىغانلاردۇر. (جاسىيە سۈرىسى، 24 ـ ئايەت).

ئۇلار ئىسلام قانۇنلىرىنى رەت قىلىدۇ. قادىيانىي پىرقىسى غۇلام ئەھمەد قادىيانىنى ئاخىرقى پەيغەمبەر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆپلىگەن ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ پىرقىلەرنىڭ كۆپلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنگىلىز مۇستەملىكىسىنىڭ مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى مەلۇم.

8. بەزى شىئەلەر

شىئە مەزھەپىدىكىلەر ھەر خىل پىرقىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمامىيە ۋە زەيدىيە پىرقىلىرىغا ئوخشاش ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەڭ يېقىن بولغان پىرقىلىرىمۇ بار. شىئەلەرنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن كاپىرلىققا يېقىن پىرقىلىرىمۇ بار بولۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە «پەيغەمبەرلىك ئەسلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى جىبرىل خاتالىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن» دەيدىغان پىرقىلىرىمۇ باردۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى شىئەلەرنىڭ بۇ پىرقىسىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ دېگىنى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىدۇر، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەسلىدە ئەلى رەزىيەللاھۇغا كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلاردىن ھېچبىر پەرقى يوق. چۈنكى مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرەتتى. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە شىئەلەرنىڭ رافىزە پىرقىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئەڭ زالىم، ئەڭ نادان ۋە ئەڭ ئەخمەق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر بولغان ساھابىلەرنى، ئەڭ ئاۋۋال ئىسلامغا كىرگەن مۇھاجىرلارنى، ئەنسارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ياخشىلارنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلار كاپىرلارنى ۋە يەھۇدىيلاردىن، خرىستىيانلاردىن مۇشرىكلاردىن بولغان مۇناپىقلارنى دوست تۇتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىدۇ.»[1]

## تۈر بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسىلىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى كۇفرى مەسىلىسىدە تۈر بىلەن شەخسنىڭ پەرقىنى ئايرىش توغرۇلۇق مەلۇم قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن. بىزنىڭ « ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ياكى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان ئېيتىش بەلگىلەنگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىنى ئاشكارا ئىنكار قىلغانلار شەكسىز كاپىرلاردۇر» دېگەن سۆزىمىز تۈرگە ۋە مۇئەييەن پىرقىغا قارىتىلغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. كۇفرىلىق مۇئەييەن بىر شەخسكە قارىتىلماقچى بولسا، ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇ كىشىنىڭ راستىنلا كاپىر بولغان ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەۋقەئەسىنى ئېنىق بىلىش شەرتتۇر. بۇ ھەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: « بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆزمۇ كىشىنى كۇفرىلىققا ئاپىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ‹كىمكى شۇ سۆزنى دەيدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ› دېيىلگەن ۋە مۇئەييەن بىر شەخس شۇ سۆزنى دېگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ كاپىرلىقنى ئۆزىدىن ئوچۇق ئاڭلىمۇچە

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى»ناملىق ئەسىرى 1 ـ توم، 20 ـ بەت.

ياكى شۈبھىسىز دەرىجىدە دەلىل بىلەن ئىسپات قىلمىغۇچە ئۇنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»دە ئاگاھلاندۇرۇلغانلارغا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.»[1] دېگەن ئايەت ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، مۇئەييەن شەخسنى كۆزدە تۇتمايدۇ. يەنى قانداقلا ئادەم يېتىمنىڭ پۇل- مېلىنى يەۋالسا، ئۇ قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەن ئادەم گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، يېتىمنىڭ ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ گۇناھسىز بولۇپ ئۆلۈشى ياكى ئۇنىڭ كاتتا ساۋابلىق ئەمەللىرى بولۇپ ئۇنىڭ سايىسىدا گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان بولۇشى ياكى ئېغىر مۇسىبەت ياكى چوڭ سىناقلارغا يولۇقۇپ ئاللاھقا سەۋر قىلغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھلىرى يويۇلغان بولۇشى مۇمكىن».

## بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئاددىي ئىش ئەمەس

ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان گۇناھنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلغان بولۇشى، بىلمىگەنلىك، سەۋەنلىك، تەۋىل قىلغانلىق ۋە مەجبۇرلانغانلىققا ئوخشاش ئۆزرىسى بولماسلىقى شەرتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇم كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان مەلۇم گۇناھنى قىلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق ئىسپاتلانمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەزكۇر كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان مەزكۇر گۇناھنى بىلمەستىن ياكى سەۋەنلىكتىن ياكى تەۋىل قىلغانلىقتىن (يەنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا بۇنداق سۆز ياكى بۇنداق گۇناھ كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولمايدۇ، دەپ چۈشەنگەنلىكتىن) ۋە ياكى شۇ كۇفرى سۆزنى ئېيتىشقا ياكى كاپىرلىققا سەۋەب بولىدىغان شۇ گۇناھنى قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقتىن سادىر قىلغان بولسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزرىلىكتۇر.»

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مۇنداق سۆزنى قىلغان ئادەم ياكى مۇنداق سۆزنى دېگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ، دېيىلگەندە مۇتلەق ھۆكۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىراۋ مەزكۇر كۇفرى سۆزنى ئىشنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ كۇفرىنى سادىر قىلغانلىقىغا ئېنىق ۋە ئوچۇق دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇنۇ سۆزنى قىلسا، ئۇ كاپىر بولىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەگەر بۇ سۆزنى مەلۇم بىر شەخس دېگەن بولسا، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ». بۇ مەسىلىگە مۇنداق مىسال كەلتۈرۈلىدۇ: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: «ئوغرىلىق قىلغان ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ قولىنى كېسىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان. بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ئوغرىلىق قىلغان ھەر قانداق ئەر ـ ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بىراۋغا قول كېسىش جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بارلىق شەرتلەر ھازىر بولمىسا ۋە قولنى كېسىشكە توسقۇن بولىدىغان سەۋەبلەر بولمىسا، ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بولمايدۇ.

[1] نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

## مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئىنتايىن خەتەرلىك

كۇفرلىقنى ئاشكارا سۆزلىگەنلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم بولغان يەردە، يامان ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان مۇسۇلمانلار توپىنى كۇفرلىقتا ھۆكۈم قىلىش بۇ قانداق جۈرئەت؟ مۇسۇلمان ئادەم بۇنچىغا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى كاپىر دەيدىكەن، ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىغان بولسا، دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى كاپىر بولىدۇ» دېگەن تۇرسا، مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى راۋا كۆرىدىغانلار بۇ ھەدىسنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ شاھادەت كەلىمىسىنى ئاغزاكى ئېيتىپ قويغان مۇناپىقلارغىمۇ دۇنيا ئىشلىرىدا مۇسۇلمانلىق مۇئامىلىسى قىلىنىدىغان تۇرسا، مۇسۇلمان توپىنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشقا بولامدۇ؟ ئاغزاكى ئىمان ئېيتقانلار مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھېسابلىشىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان خاۋارىجلارنىمۇ «كاپىر» دېمىگەن. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن «خاۋارىجلار كاپىر بولمىسا نېمە ئەمەسە؟» دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار كاپىرلىقتىن قاچقان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

### تەكفىرنىڭ خەتەرلىرى:

بىراۋنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ. كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى مۇرتەد دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇنداق نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ:

1. مۇرتەد بولغان ئادەمنى ئايالىدىن ئايرىۋېتىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئەرگە ھالال ئەمەستۇر.

مۇرتەد بولغان ئادەمنى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قېلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۇفرلىقى بىلەن سەلبىي تەسىر بېرىشى ۋە ئۇلارنىمۇ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن قورقىلىدۇ. مۇنداق باللار مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ ئۈستىگە ئامانەتتۇر.

2. مۇرتەد بولغان ئادەم بۇ قىلىقى بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا مەنىۋى جازا قوللىنىپ توغرا يولغا قايتقۇچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشى ۋە ھەر قانداق بىر مۇئامىلە قىلىشى چەكلىنىدۇ يەنى جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرىلىدۇ.

3. مۇرتەد بولغان ئادەم ئۆلگىنىدە يۇيۇپ تارالمايدۇ، جىنازا نامىزى ئوقۇلمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

4. مۇرتەد بولغان ئادەم كۇفرلىق ھالىتىدە ئۆلسە، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە لايىق بولىدۇ ۋە رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئالدىرىماسلىق ۋە قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كىشىلەرنى كاپىر قىلىشقا ئەمەس، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مۇسۇلمان قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. ھەممە بىراۋنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش ئىشى شەخسلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ ئىشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مىقاتتىن ئېھرام باغلىماي ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

پەتىۋادا: دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

سوئال: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. بۇ يىل ھەجگە ماڭغىنىمىزدا ئېھرام باغلايدىغان جايدىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئېھرام باغلىيالمايلا ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ھەجگە تەسىرى بولامدۇ؟ قان قىلىش ۋاجىبمۇ؟

جاۋاب: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ:

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت ـ سالاملار بولسۇن!

يىراق دىيارلاردىن ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە ماڭغاندا، ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئورۇنلار بار بولۇپ، بۇ «مىقات» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەج ياكى ئۆمرىگە ماڭغانلار بۇ ئورۇنلاردىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ. بەلگىلەنگەن بۇ ئورۇنلار تۆۋەندىكى ھەدىسلەردە كەلگەن:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىلىكلەرگە زۇلھۇلەيفىنى، نەجدىلىكلەرگە قەرنە مەنازىلنى، يەمەنلىكلەرگە يەلەملەمنى تەلبىيە توۋلايدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەردى. يۇقىرىقى ئورۇنلار شۇ جايلاردا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىڭ، شۇنداقلا ھەج ۋە ئۆمرەنى ئىرادە قىلىپ باشقا جايلاردىن كېلىپ، ئاشۇ ئورۇنلاردىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ تەلبىيە توۋلايدىغان جايىدۇر، كىمكى تەلبىيە توۋلاشقا بەلگىلەنگەن ئورۇنلار بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىدا بولسا، مەككىگە قاراپ قوزغالغان جايىدىن تەلبىيە توۋلاۋېرىدۇ. مەككە ئاھالىسى بولسا مەككىنىڭ ئۆزىدىنلا تەلبىيە توۋلايدۇ.[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىراق ئاھالىسى ئۈچۈن زاتۇئىرقنى ئېھرام باغلايدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەردى.[2]

يۇقىرىقى جايلارنىڭ مىقاتلىقىدا بارلىق ئالىملار بىردەك ئىتتىپاق. قارايدىغان بولساق بۇ مىقاتلار ھەرەمنى چەمبىرسىمان دائىرە ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ مىقاتلارنى ئۆزىنىڭ بەيتىنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن

---

[1] سەھىھەين: «بۇخارى» 1524 ـ ھەدىس. «مۇسلىم» 1181 ـ ھەدىس.

[2] «ئەبۇ داۋۇد» 1739 ـ ھەدىس. ئىمام نەۋەۋى ئىسنادى سەھىھ دېگەن.

بېكىتكەن. بۇ يەردىكى ھۆرمەت ھەرەم مەسجىد ھەققى ـ ھۆرمىتى، ھەرەم دائىرىسى ھەققى ـ ھۆرمىتى ۋە مىقات ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن ئىبارەت.

ئېھرام باغلاشمۇ بۇ ئىلاھىي ھەققى ـ ھۆرمەتلەرگە رىئايە قىلىدىغانلىقىغا بەل باغلاش ۋە ئۇنى جاكالاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھاجى ياكى ئۆمرىچى ئېھرام باغلىغىنىدا ئىلگىرى ئۇنىڭغا مۇباھ بولغان جىما قىلىش، خۇشبۇي ئىشلىتىش، كىيىم ـ كېچەك كىيىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ئىشلار ھارام بولۇپ كېتىدۇ. ئېھرام باغلاش ئېھراملىق كىيىمنى كىيىش بولماستىن بەلكى، ھەج ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەت. نىيەتنىڭ ئورنى بولسا دىلدۇر. بۇ نىيەتنى «لەببەيكە» دەپ توۋلاپ تىلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.[1]

ئېھرام باغلىغۇچىغا جىما قىلىش، خۇشبۇي ئىشلىتىش، كىيىم ـ كېچەك كىيىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ئىشلارنى مەنئى قىلىشتىكى ھېكمەتنى ئالىملار: راھەت ـ پاراغەتتىن يىراق تۇرۇپ، خۇشۇ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىنىش، كىيىملىرىنى سېلىپ، ئېھرام باغلاش ئارقىلىق پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئەسلەش ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇۋدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ئارقىلىق چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىقتا يېقىن بولۇشتىن ئىبارەت دەپ ئىزاھلىغان.[2]

مەككىلىكلەر ۋە مەككىدە تۇرۇۋاتقانلار ھەجگە ئۆيلىرىدىن، ئۆمرىگە ھەرەم سىرتىدىن ئېھرام باغلايدۇ. ھەرەم بىلەن مىقات ئارىلىقىدىكىلەر ھەجگىمۇ، ئۆمرىگىمۇ ئۆيلىرىدىن ئېھرام باغلايدۇ. مىقات سىرتىدىن كېلىدىغانلار ھەج بىلەن ئۆمرىگە ئۇلاق ياكى ماشىنىغا ئوخشاش قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن ماڭغانلار ئاشۇ بەلگىلەنگەن جايلارنىڭ بىرىدىن ياكى ئۇدۇلىدىن ئۆتكىنىدە ئېھرام باغلىشى، ئايروپىلان ياكى پاراخوت بىلەن ماڭغانلار شۇ جايلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ياكى ئۇنداق قىلىش قولايسىز بولسا ئايروپىلان ياكى پاراخوتقا چىقىشتىن بۇرۇن ئېھرام باغلىشى ۋاجىب.

مەككە ئاھالىسىدىن بىر كىشى سەپەرگە چىقىپ مەككىگە قايتقىنىدا ئۆمرە ياكى ھەج قىلماقچى بولسا، مىقاتتا ئېھرام باغلىشى ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالىملار ئىتتىپاق.[3]

مەككە ئەتراپىغا ئىش ياكى تۇغقان زىيارىتى ئۈچۈن بارىدىغان كىشى مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ھەرەم دائىرىسى باشلانمىغان ئارىلىقتا تۇرۇپ ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشنى قارار قىلىپ قالسا، ھەج ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلغان جايىدىن ئېھرام باغلىسا بولىدۇ. قايتىپ مىقاتتىن ئېھرام باغلىشى كېرەك ئەمەس. قان قىلىشمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مىقاتتىن ئۆتكىنىدە ھەج ياكى ئۆمرە نىيەت قىلمىغان.[4]

مەككىدە ياكى ھەرەم بىلەن مىقات ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقانلارغا ئېھرام باغلاش بەلگىلەنگەن ئورۇنلار ئۇلار ئۈچۈن مىقات ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئورۇنلاردىن ئېھرام باغلىماي ئۆتۈپ كەتسە ياكى ھەرەم ئىچىدە ئېھرام باغلىشى كېرەك بولغان ئەھۋالدا، ھەرەم سىرتىدىن ياكى ھەرەم سىرتىدا ئېھرام باغلىشى كېرەك بولغان ئەھۋالدا، ھەرەم ئىچىدىن ئېھرام باغلاپ قالسا بۇمۇ ئوخشاشلا مىقاتتىن ئېھرام باغلىماسلىق بولىدۇ. خىلاپلىق قىلسا قان كېلىدۇ.[5]

مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈشنىڭ ھۆكمى ۋە نەتىجىسىگە كەلسەك، مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈش ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1 ـ تۈر: مىقاتتىن ئېھرامنى نىيەت قىلماي ئۆتۈپ كېتىش:

ئەگەر قەستەن ياكى بىلمەي ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئېھرام باغلاش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، تېخى تاۋاپ قىلمىغان بولسا، قايتىپ بېرىپ شۇ جايدىن ئېھرام باغلاپ كەلسە بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ھېچقانداق جازا (قان) كەلمەيدۇ، گۇناھكارمۇ بولمايدۇ.

ئەمما مىقاتتىن ئۆتۈپ كېتىپ ئېھرام باغلاپ، ھەرەمگە كىرىپ تاۋاپنى باشلاپ ياكى ھەج ـ

---

1 «تاجۇلئەرۇس» 454/31 «ئەلفىقھۇل ئىسلامى ۋەئەدىللەتۇھۇ» 397/3.
2 «فەتھۇل بارى» 404/3.
3 «ئەلمەبسۇت» 170/4.
4 «ئەلمۇدەۋۋەنە» 373/2 «راددۇل مۇھتار» 478/4 «شەرھى مۇنتەھەل ئىرادات» 526/1.
5 «ئەلبەھرۇررائىق» 343/2.

www.uyghurkitap.com

ئۆمرە پائالىيەتلىرىدىن بىرەرسىنى قىلىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ مىقاتقا قايتىشىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. بەربىر قان كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشى كەمتۈك ئېھرام باغلىغان بولۇپ، ئىبادەتكە تۇتۇش قىلىپ بولغان بولىدۇ. نەتىجىدە مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بىر قوي قان قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.[1]

بۇ ئەھۋالدا ئۆتۈپ كەتكەن مىقاتقا قايتسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنراق ياكى يىراقراق بىر مىقاتقا قايتسۇن ھەنەفىي مەزھەبتە ئوخشاش. چۈنكى ئۇ مىقاتلارنىڭ ھەممىسى ئېھرام باغلىغۇچىغا نىسبەتەن ئوخشاش.[2]

ئەمما بىرەر مىقاتقا قايتمايلا تۇرغان جايىدىن ئېھرام باغلىغان تەقدىردە بارلىق ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بۇ كىشى ھەج ياكى ئۆمرىدىكى بىر ۋاجىبنى تەرك قىلغان بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مىقاتتىن ئېھرام باغلاپ ئۆتۈش. بۇ ئەھۋالدا گۇناھكار بولىدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. بۇنىڭ بىلەن قوشۇپ بۇ كىشى مىقاتقا ئۆزرىسىز قايتمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ گۇناھكار بولىدۇ.

ئەلۋەتتە ھۆكمنى بىلمەي ياكى ئۇنتۇپ قالغان كىشى قەستەنلىك بولمىغاچقا مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتكەنلىكىگە گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما مىقاتقا ئۆزرىسىز قايتمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

مىقاتقا قايتالماسلىق ھەجگە قىستالغانلىقتىن بولسۇن ياكى ھەمراھ تاپالمىغانلىقتىن بولسۇن ياكى كېسەللىكتىن بولسۇن ياكى دۈشمەندىن، ساقچىدىن، ئوغرىدىن قورققانلىقتىن بولسۇن ياكى يول بىلمىگەنلىكتىن بولسۇن ئوخشاشلا تۇرغان جايىدىن ئېھرام باغلايدۇ. بۇ ئەھۋالدا مىقاتقا قايتمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولمىغىنى بىلەن مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

لېكىن ھەج ياكى ئۆمرىگە ماڭغان كىشى مىقاتتىن ئېھرام باغلىماي كېيىن قايتىپمۇ بارماي تۇرغان جايىدىلا ئېھرام باغلىغان بولسا ئۇ كىشىگە قان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دېدى: «كىمكى ھەج ـ ئۆمرە ئىبادىتىدىن بىرەر ۋاجىبنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى تەرك ئەتسە قان قىلىشى ۋاجىب».[3]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ مىنادىن قايتىش كۈنىدە كۈن تىكلىنىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەتكەن كىشى توغرىسىدا: «كۈن تىكلىنىشتىن بۇرۇن تاش ئېتىۋەتسە تىكلەنگەندىن كېيىن قايتا ئاتىدۇ. كۈن تىكلىنىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەتكەن بولسا قان قىلىدۇ» دەپ ۋاجىبنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن قان قىلىشنى ۋاجىب قىلغان.[4]

مىقاتتىن ئېھرام باغلىمىغان كىشىمۇ خۇددى ھەج تەمەتتۇدا ھەجگە مىقاتتىن ئېھرام باغلىمىغانلىقتىن ئىبارەت بىر ۋاجىبنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن قۇربانلىق ۋاجىب بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاجىبنى تەرك قىلغان ئەھۋالنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئىمكانىيىتى يار بەرگەن كىشى ئۈچۈن بۇ بىر قان ئورنىغا روزا تۇتسا ياكى تاماق بەرسە بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ قاننى ھەج تەمەتتۇ قۇربانلىقىغا ئوخشاشلا مەككىدە ياكى مىنادا قىلىشى لازىم.

بۇ قاننىڭ گۆشىدىن بىر قىسمىنى ئۆزى يېسە بولامدۇ؟ ياكى ھەممىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىشى كېرەكمۇ؟

بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئوتتۇرىدا قاراش ئوخشاش بولمىسىمۇ، ۋاجىب ياكى نەپلە ھەدىيە قۇربانلىقىدىن بىر قىسمىنى يەپ، بىر قىسمىنى مۇھتاج ۋە سائىلغا بەرسە بولىدۇ دېگەن بەزى ئالىملارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر.[5]

چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە (ھەدىيە تۆگىلەرنى سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلدۇق. ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن

1 «ئەلئىختىيار» 443/1 «ئەلمۇغنى» 116/3 «بەدائىئۇسسانائى» 165/2.
2 «راددۇل مۇھتار» 580/2.
3 «ئەلمۇۋەتتا 419/1. 940 ـ نومۇر. «سۇنەنۇل كۇبرا» بەيھەقى 30/5. 8707 ـ نومۇر. ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر، ئىبنۇل مۇلەققىن ۋە ئىبنى كەسىرلەر: «سەنەدى سەھىھ» دەپ باھالىغان.
4 «مەسائىلۇل ئىمام ئەھمەد» 182/3 ئىمام ئەھمەد بۇ رىۋايەتنى ئالغان.
5 «ھاشىيەتى دۇسۇقى» 89/2.

خەير باردۇر. شۇڭا ئۇلارنى قاتار ئۆرە تۇرغۇزۇپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار. بېقىنلىرى يەرگە چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن ئۆزەڭلارمۇ يەڭلار، قانائەتچان مۇھتاج ۋە سائىلغىمۇ يېگۈزۈڭلار!) دېگەن.[1]

ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى تەمەتتۇ ياكى قىران ئۈچۈندۇر. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يېيىشنى جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھەرەمدە ئۆۋ ئۆۋلىغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان قىلغان، نەزرە قىلغان مالنىڭ گۆشىدىن يېمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى يەيدۇ» دېگەن. ئەتا: «ھەج تەمەتتۇدا قىلغان قۇربانلىقتىن ئۆزىمۇ يەيدۇ، باشقىلارغىمۇ يېگۈزىدۇ» دېگەن.[2]

ئەتا يەنە: «خالىسا ھەدىيە قۇربانلىق بىلەن ئادەتتىكى قۇربانلىقتىن يەيدۇ، خالىسا يېمەيدۇ» دېگەن.[3]

ئىقتىسادى يەتمەي بىر قوي قان قىلالمىغان تەقدىردە ئورنىغا ئون كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. ئورنىغا تاماق بەرسە بولمايدۇ. بۇ ھەج تەمەتتۇ قۇربانلىقىغا قىياس قىلىپ دېيىلگەن ھۆكۈمدۇر.[4]

بۇ ئون كۈننىڭ ئۈچ كۈننى ھېيت كۈنىگىچە تۇتۇۋالىدۇ. ھەجگە زۇلھەججىنىڭ 6 ـ كۈنى يەنى مىناغا مېڭىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئېھرام باغلاپ روزا تۇتۇشنى باشلىسا 6 ـ 7 ـ 8 ـ كۈنلىرى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇۋالسا بولىدۇ. چۈنكى 9 ـ كۈنى يەنى ئەرافات كۈنى روزا تۇتمىغان ئەۋزەل. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئەرافاتتا روزا تۇتماي تۇرغان ياكى ئەرافات كۈنى بىلەن 3 كۈن تۇتسىمۇ مەيلى. ئۇ كۈنلەردە تۇتالمىغان تەقدىردە زۇلھەججىنىڭ 11 ـ 12 ـ 13 ـ كۈنلىرى يەنى ھېيتنىڭ 2 ـ 3 ـ 4 ـ كۈنلىرى تۇتۇۋالسا بولىدۇ. بۇ 3 كۈن «تەشرىق كۈنلىرى» بولۇپ، ئادەتتە روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ. پەقەتلا تەمەتتۇ قۇربانلىقى قىلالمىغان كىشى تۇتىدىغان 3 كۈن روزىنى ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن تۇتالمىغان بولسا شۇ كىشىگە تەشرىق كۈنلىرىدە 3 كۈن روزا تۇتۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «قۇربانلىق تاپالمىغانلاردىن باشقىلارغا تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغان». يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھەجگە قەدەر ئۆمرە بىلەن بەھرىمەن بولغان كىشى تۇتىدىغان (ئۈچ كۈنلۈك) روزا ئەرافات كۈنىگىچە بولىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق تاپالمىسا، روزىمۇ تۇتمىغان بولسا، مىنا كۈنلىرى روزا تۇتىدۇ»، دېگەن.[5]

تەشرىق كۈنلىرىدىمۇ تۇتالمىسا بەزى قاراشلارغا ئاساسەن «تەشرىق كۈنلىرى» دىن كېيىن تۇتۇۋالىدۇ. ھەرەمدىكى چاغلاردا ئاغرىپ قېلىپ ياكى ھەيز ياكى نىپاس سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى سەۋەبسىز بولسۇن 3 كۈن تۇتالماي يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن تەقدىردە، قازاسىنى يۇرتىدا تۇتۇۋالىدۇ. قايتقىچە تۇتمىغانلىق سەۋەبىدىن قان كەلمەيدۇ.

قالغان 7 كۈننى يۇرتىغا قايتقاندا تۇتۇۋالىدۇ. روزا تۇتۇشتا بۇ كۈنلەرنى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن تۇتۇشى كېرەك ئەمەس.[6]

2 ـ تۈر: مىقاتتىن ئېھرامنى نىيەت قىلىپ، لېكىن ئېھراملىق كىيمەي، كىيىم ـ كېچەك كىيىپ ئۆتۈپ كېتىش:

مىقاتتىن ئۆتكەندە يېنىدا ئېھراملىق بولمىغانلىقتىن ياكى ئېھراملىقنى يوق ـ تاقتا بىرنۆەتكەنلىكتىن ئېھراملىق كىيەلمىگەن بولسىمۇ ئېھرام باغلىدىم دەپ نىيەت قىلىشى ۋاجىب، نىيەت قىلغان بولسا گەرچە ئېھراملىق كىيمىسىمۇ ئۇ كىشى ئېھرامغا كىرگەن، ئەمما كىيىم ـ كېچەك كىيىۋېلىش ئارقىلىق ئېھرامدا چەكلەنگەن بىر ئىشنى قىلغان بولىدۇ. لېكىن ئۈچىسىدىكى كىيىم بىلەن ئېھرام نىيەت قىلغان كىشى بېشىغا بىرنەرسە كىيىۋالماي ئوچۇق تۇتۇشى، پايپاق ۋە ئۈچ

[1] ھەج سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
[2] سەھىھۇل بۇخارى «ھەدىيە قۇربانلىق تۆگىلەردىن نېمىلەرنىڭ يېيىلىدىغانلىقى ۋە سەدىقە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا» دېگەن باب.
[3] «فەتھۇل بارى» 558/3.
[4] «ئەززەخىيرە» 209/3.
[5] سەھىھۇل بۇخارى 1997 ـ 1999 ـ ھەدىسلەر.
[6] ئەلمۇغنى 248/3.

كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭلەك ياكى مايكىسىنى سېلىپ رىدا شەكلىدە ئۇچىسىغا ئارتىۋېلىشى، ئىشتىنى بىلەن ئېھرامغا كىرىشى لازىم. چۈنكى ئىزار (بەلنىڭ ئاستىنى ئورىغۇدەك رەخت) تاپالمىغان ئادەم ئىشتان كىيىۋېلىپ ئىشتاندا ئېھرامغا كىرىدۇ. بۇ كىشى ئېھرام لىقنى تاپقان چېغىدا ئېھراملىقنى كىيىۋالىدۇ. بۇ كىشىگە فىديە كەلمەيدۇ.

جابىر ئىبنى زەيد رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىزارى بولمىغان كىشى ئىشتان كىيسۇن، قونجىسىز كەش تاپالمىغان ئادەم، قونجلىق كەشنى (قونجىسىنى ئۇشۇقىدىن تۆۋەن كېسىۋېتىپ) كىيسۇن» دېگەن.[1]

ئەمما مىقاتتىن ئۆتكەندە ئېھراملىقى يېنىدا بار تۇرۇپ ساقچىدىن قورققانلىقتىن ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى كىيىمى بىلەن ئېھرامنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ئەھۋالدا ئۇ كىشىگە فىديە بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ. فىديە 3 كۈن روزا تۇتۇش ياكى ھەر بىر مىسكىنگە يېرىم سا مىقتاردا 6 مىسكىنگە ئاشلىق (ياكى ئۇلارغا 2 ۋاختىن ياكى بىر ۋاختىن تاماق) بېرىش ياكى بىر قوي قان قىلىشتىن ئىبارەت.[2]

بۇ 2 ـ تۈردە فىديە بەرمەكچى بولغان كىشى يۇقىرىقى 3 ئىشتىن بىرىنى تاللىسا بولىدۇ. ئەگەر روزا تۇتماقچى بولسا بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە روزىنى دۇنيانىڭ قەيىرىدە تۇتۇۋالسا بولىدۇ.

ئەگەر قان قىلىشنى تاللىغان ئەھۋالدا بۇ جازا ئۈچۈن سويۇلغان مال بولغاچقا ئۇنىڭ گۆشىدىن يېسە، بىرەرسىگە ھەدىيە قىلسا بولمايدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار ئۇنى پەقەتلا مەككىدە سويۇپ گۆشىنىڭ ھەممىنى ھەرەم پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمام مالىك قاتارلىقلارنىڭ كۈچلۈك قارىشىغا ئاساسەن ئۇنى مەككىدە سويۇشى كېرەك ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سويسا بولىدۇ. لېكىن ئۆزى ئۇنىڭدىن يېمەي ھەممىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇنى ھەدىيە دەپ ئاتىماي، قۇربانلىق دەپ ئاتىغان. قۇربانلىق دېگەن قەيەردە سويۇلسا بولىدۇ. يۇقىرىقى كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىسىدىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ياكى ساڭا ئاسان كەلگەن نەرسىنى قۇربانلىق قىل» دېگەن ۋە ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىشنى شەرت قىلمىغان. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ ھەزرىتى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۇقىيا دېگەن جايدا چاچ چۈشۈرگەن فىدىيىسى ئۈچۈن ھەرەمنىڭ سىرتىدا قۇربانلىق قىلغانلىقى كەلگەن. مۇجاھىد: «فىديە سەن خالىغان يەردە» دېگەن. ئىبراھىم نەخائى: «فىديە سەدىقىسى، روزىسى ۋە قۇربانلىقى خالىغان يەردە بولىدۇ» دېگەن.[3]

خۇلاسە: مىقاتتىن ئۆتكەندە ئېھرام كىيىمى كىيمىگەن تەقدىردىمۇ ئېھرامنى نىيەت قىلغان ياكى قىلمىغىنىغا قاراپ كاپپارىتى پەرقلىق بولىدۇ: نىيەت قىلمىسا قان كېلىدۇ. بۇنى ھەرەمدە سويۇپ، باي ۋە كەمبەغەللەرگە تارقاتسا، بىر قىسمىنى ئۆزى يېسە بولىدۇ. قان قىلالمىسا ھەجدىن قايتقاندا ئون كۈن روزا تۇتىدۇ. روزىنىمۇ تۇتالمىسا باشقا ئىش قىلىشى كېرەك ئەمەس. ئەمما ئېھرام كىيىمى كىيمەي، ئېھرامنى نىيەت قىلىپ ئۆتكەن بولسا، يا قان قىلىدۇ، يا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ ياكى ئالتە مىسكىنگە تاماق بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا چوقۇم قان قىلىشى كېرەك ئەمەس. بۇ ئۈچتىن بىرىنى ئىختىيارىي تاللايدۇ. بۇ ئىشلارنى ھەرەمدە قىلىشى كېرەك ئەمەس، بەلكى ھەرەم سىرتىدا، يۇرتىدا قىلسىمۇ بولىدۇ. قان قىلىشنى تاللىغان تەقدىردە ئۇنىڭ گۆشىدىن يېسە، بىرەرسىگە ھەدىيە قىلسا بولمايدۇ. گۆشنىڭ ھەممىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ.

ۋەللاھۇ ئەئلەم

---

[1] سەھىھەين: بۇخارى 1843 ـ ھەدىس. مۇسلىم 1178 ـ ھەدىس.

[2] قرار المجمع الفقهي التابع لرابطه العالم الإسلامي، مجله البحوث الإسلامية 332/32.

[3] ئەلمۇۋەتتا 388/1 تەپسىرى تەبەرى 240/2 ئەھكامۇل قۇرئان جاسساس 352/1 تەپسىرى قۇرتۇبى 385/2 ئەلمۇھەللا 213/7.




ئىسلام دىنى سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىققا ئىگە دىن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ سەل قارىشى يەنە بەزىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى نەتىجىسىدە، بۇ دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە داغ تەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئۆلىمالىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بۇ دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالدى.

## دىنلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىقى

دىنلار ئارا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغاندا ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ نېمىتى، قەدىر-قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇراھاللىقى تېخىمۇ ئوچۇق نامايان بولىدۇ. دىنلار ئارا سېلىشتۇرۇش نەتىجىلىرى بەزى دىنلاردا ئەقىدە-ئېتىقاد ياكى تائەت-ئىبادەت ۋە ياكى باشقا تەرەپلەردە سەل قارالغانلىقىنى يەنە بەزى دىنلاردا چېكىدىن ئاشۇرۋېتىلگەنلىكىنى ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلەردە سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ئوتتۇراھال دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. دىنلار ئارىسىدا ئوتتۇراھاللىققا ئىگە بولغان ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى پايدىلىق ئىشلارغا بۇيرۇپ، زىيانلىق ئىشلاردىن توسقان، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك پايدا-مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلغان، ئاللاھ تائالا پۈتۈنلۈككە ۋە كامالەتكە يەتكۈزگەن، بەندىلىرىنىڭ ئاخىرقى دىنى بولۇشقا تاللاپ بەرگەن، ئىلگىرىكى بارلىق ساماۋى دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇ دىنلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ئىگىلىگەن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولغان توغرا ۋە گۈزەل دىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[1] «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر»[2]

[1]سۈرە مائىدە 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2]سۈرە ئال ئىمران 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىن ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن ۋە ئاللاھنىڭ ئىنائىتىدىن چىققۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر»[1]

دۇنيادا ئىنسانلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن دىنلار بار بولۇپ، نەپسانىيەتچىلەر ئۇ دىنلارنى توغرا ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ھەق دىنلار قىلىپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسان ئەقلىنى ئىشلەتكەندە، ئۇ دىنلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان باتىل دىنلار ئىكەنلىكى، ئۇ دىنلارغا چاقىرغۇچىلارنىڭ نەپسانىيەتچى شەيتانلار ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

## ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى

ئېتىقادچىلىرى ھازىر دۇنيا نوپۇسىنىڭ خېلى سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان خىرىستىيان دىنى ساماۋى دىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتلىق دىن ئىدى. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەر بولۇپ، خىرىستىيان دىنى ئەنە شۇ خۇشخەۋەر بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، كېيىنكى پەيغەمبەرگە ئەگىشىش پەرز ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن، دېدى»[2]

ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ھەققىدە چىن ئەھدە ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك». ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن» دېدى. كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە (يەنى ئەھدىنى بۇزسا)، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىنائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟»[3]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەردىن شۇ پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، چوقۇم شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە چىن ئەھدە ئالغاندى».

يەھۇدىيلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان، ئۆز زامانىسىدا ئەۋزەل ھېسابلانغان ساماۋى دىن بولغان

---

[1]سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت.

[2]سۈرە سەف 6 ـ ئايەت
[3]سۈرە ئال ئىمران 81 ـ ، 82 ـ ، 83 ـ ئايەتلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنمۇ ۋاقىتلىق دىن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئەمەلدىن قالغان دىن بولغانلىقى ئۈستىگە، خرىستىئان دىنىگە ئوخشاش پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىن نۇرغۇن بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشلەرگە ئۇچرىغان دىن ئىدى.

ساماۋى دىنلارنىڭ كىتابلىرىنى ھىمايە قىلىشقا شۇ دىنلارنىڭ زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرى نازارەتچى بولغان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى قوغداشنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى»[1] «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[2]

## ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ ۋە ئىسلام دىنىنى پۈتتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىلا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان دىن قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى پەرز قىلدى.

دۇنيادا مەزكۇر ساماۋى دىنلاردىن باشقا يەنە بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بولغان ھىندى دىنى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن يەرلىك باتىل دىنلار بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن توستى. ئىسلام دىنى كەلگەن ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاللاھنى قويۇپ، دېڭىز-ئوكيان، ئاي-يۇلتۇز، تاش-چالما، دەل-دەرەخ، ۋە مازارلارغا چوقۇنىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى،

[1] سۈرە مائىدە 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھىجرى 9-ئايەت.

ئىسلام دىنى كېلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بارلىق بۇتپەرەسلىك دىنلىرىغا خاتىمە بەردى.

## ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭدا كەم-زىيادە قىلىشنىڭ ھاراملىقى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دەلىل-پاكىتلىرى ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىفتىن دەلىل-ئىسپاتى بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ياكى دەلىل-ئىسپاتسىزلا ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىغا ھۆكۈم قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دىننى پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق بىزگە نېئمىتىنى تاماملىغانلىقىنى، ئىسلام دىنىنى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك دىنىمىز بولۇشقا تاللاپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئاخىرىدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[3]

ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۇنىڭ بارلىق ياخشىلىقلارغا بۇيرۇپ، بارلىق يامانلىقلاردىن توسقان دىن ئىكەنلىكىدە تېخىمۇ ئوچۇق نامايان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇ دىننى خەلققە بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ-سۆزلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خەلققە بۇ دىننى تولۇق يەتكۈزدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق»[4]

ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئىسلام دىنى بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بارلىق يامانلىقلار ۋە زىيانلىقلاردىن توسقان ھالدا

[3] سۈرە مائىدە 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 44-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كەلگەن دىن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ساپ ھالىتىگە، تەبىئىتىگە، ئەقلىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان دىندۇر. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بەزى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ئىشلارغا ئەقلىمىزنىڭ: «ھەي ئىست! ئىسلام بۇ ئىشلاردىن توسقان بولسىچۇ! دېگەنلىكىنى ياكى ئىسلام توسقان ئىشلارغا ئەقلىمىزنىڭ: كاشكى ئىسلام بۇ ئىشلارغا بۇيرۇغان بولسىكەن» دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق. دېمەك، ئىسلام دىنى تۇغۇلۇشتىكى ساپ ھالەتكە، ساغلام ئەقىلگە تامامەن ئۇيغۇن دىن بولۇپ، ساغلام ئەقىل بۇ دىنىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇ دىنىنىڭ بارلىق پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان، زىيان ـ زەخمەتلەردىن ساقلايدىغان گۈزەل دىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

## يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىيان دىنى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ئەقىدە جەھەتتە ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇراھاللىقا ئىگە بولغىنىدەك، تائەت ـ ئىبادەت جەھەتتىمۇ باشقا دىنلار ئارىسىدا سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىققا ئىگە دىندۇر. ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بەزىلىرى سەل قاراپ، يەنە بەزىلىرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىققا ئىگە ئىسلام دىنىنى نازىل قىلدى.

تۆۋەندە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە مەسىلىلىرىدە سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ئوتتۇراھال دىن ئىكەنلىكىگە بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

## ئىسلام دىنىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سەل قارىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئۈممەتنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقان ئىسلام دىنىنى نازىل قىلدى. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا چوڭ بوھتان چاپلاپ، ئۇنى پاھىشە ئايال، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى زىنادىن تۆرەلگەن، دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ كۇفرى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)»[1]

خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق بولمايدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ توغرا يولدىن ئاداشتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەريەم ئوغلى مەسىھ (يەنى ئىيسا) ئاللاھدۇر، دېگەن كىشىلەر (يەنى خرىستىيانلارنىڭ بىر پىرقىسى) ھەقىقەتەن كاپىر بولدى»[2] «خرىستىيانلار: «مەسىھ (يەنى ئىيسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ»[3] «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىيسا ئېيتتى:

[1] سۈرە نىسا 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن»[1]

ئەمما ئىسلام دىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ھالدا ئوتتۇراھال يول تۇتتى، «ئىيسا ئاللاھدۇر»، ياكى «ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر»، ۋە ياكى «ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر»، دەپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگە، شۇنىڭدەك، «ئىيسا زىنادىن تۆرەلگەن» دەپ ئۇنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بوھتانچىلارغا رەددىيە بېرىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنە ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى). ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن»[2] «ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەققەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن دېدى»[3]

## ئىسلام دىنىنىڭ تالاق مەسىلىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

تالاق مەسىلىسىدە يەھۇدىي دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار بولۇپ، بۇ مەسىلىگە ئۇ دىنىنىڭ بىرىدە سەل قارالسا، يەنە بىرىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ مىسالى شۇكى، يەھۇدىي دىنىدا تالاق قىلىش يەنى ئاجرىشىش بار بولسىمۇ، تالاقتىن كېيىن يارىشىۋېلىشقا قەتئىي يول يوق. خىرىستىيان دىنىدا خوتۇنىنى ئالدىمۇ ئاجرىشىپ كېتىشكە قەتئىي يول يوق. ئەمما ئىسلام دىنى بۇ مەسىلىدە ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، ئەر-ئايال كېلىشەلمىگەن ۋاقىتتا ئاجرىشىپ كېتىشنى ۋە ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن تالاق ئۈچ قېتىمغا يەتمىگەن بولسىلا قايتا يارىشىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى يولغا قويدى. چۈنكى ئىنسان ئالدىراقسانلىق ۋە تۇراقسىزلىق ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمايدىغان مەخلۇقتۇر.

## ئىسلام دىنىنىڭ قىساس مەسىلىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

يەھۇدىي دىنىدا قىساس ئېلىش بېكىتىۋېتىلگەن بولۇپ، كەچۈرۈم قىلىشقا ماجال يوق. خىرىستىيان دىنىدا كەچۈرۈم قىلىش بېكىتىۋېتىلگەن بولۇپ، قىساس ئېلىشقا ئورۇن يوق. ئەمما ئىسلام دىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشكە ياكى قىساس ئېلىشقا مەجبۇرلىماستىن بەلكى دىيەت ئېلىپ ياكى مۇتلەق كەچۈرۈۋېتىش بىلەن قىساس ئېلىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بېرىپ، بۇ مەسىلىدىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتتى.

## ئىسلام دىنىنىڭ جازالاش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئىشلىرىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى جازالاش ۋە ئىنتىقام ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتقان بولۇپ، ھەرقانداق بىر يامانلىققا ئاشۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوخشىشى بىلەن جازا بېرىشكە رۇخسەت بەردى، لېكىن سەۋر قىلىپ كەچۈرۈۋېتىشنى ئەۋزەل ساندى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن

---

[1] سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 75 ـ ئايەت.
[3] سۈرە سەف 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زىيان ـ زەخمەت ئۇچۇن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۇزۇڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۇچۇن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر»[1]«بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر»[2]

خىرىستىيان دىنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنى زۇلۇم قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈۋېتىشكە، ئۇلاردىن ھەرگىز ئىنتىقام ئالماسلىققا بۇيرىدى. يەھۇدىي دىنى ھەققىنى تولۇق ئېلىشقا ۋە قىساسقا ھۆكۈم قىلدى. ئەمما ئىسلام دىنى بۇ مەسىلىگە سەل قارىماستىن ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن بەلكى ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى، ئاشۇرۇۋېتىشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر سەۋر قىلىپ، ئىنتىقام ئالماي كەچۈرىۋەتسە، سەۋر قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئەلۋەتتە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## پىرقىلەر ئارىسىدا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئوتتۇراھاللىقى

يۇقىرىدا باشقا دىنلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالدۇق، نۆۋەتتە پىرقىلەر ئارىسىدا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئوتتۇراھال پىرقە ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز. دىنلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى توغرا ۋە گۈزەل دىن بولغىنىدەك، ئىنسانلار ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئەڭ ئىنتىپاق، ئەڭ ئىززەتلىك ۋە ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن خوش بەرگەندەك، كېيىنكى دەۋرلەردە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ ئىچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابلار يەتمىش ئىككى پىرقىگە بۆلۈنگەنىدى، بۇ ئۇممەت يەتمىش ئۇچ پىرقىگە بۆلىنىدۇ. يەتمىش ئىككى پىرقە دوزاختا، پەقەت بىر پىرقە جەننەتتە بولىدۇ. جەننەتتە بولىدىغان بىر پىرقە مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقان پىرقىدۇر»[3] يەنە بىر ھەدىستە، «جەننەتتە بولىدىغان بىر پىرقە جامائەتتۇر» دەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلىمالار بۇ جامائەتتىن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ قازا ۋە قەدەر ھەققىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ قازا ۋە قەدەر بابىدىكى ئەقىدىسىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىمۇ سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي ھالدا ئوتتۇراھال يول تۇتقان جامائەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇممەتلەر ئارىسىدا ئىسلام ئۇممىتى ئوتتۇراھال ئۇممەت بولغىنىدەك، پىرقىلەر ئارىسىدا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئوتتۇراھال جامائەت بولۇپ، قازا ۋە قەدەر بابىدا بىرى سەل قاراپ يەنە بىرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن «قەدەرىيە»[4] پىرقىسى بىلەن «جەبرىيە»[5]

---

[1]سۈرە نەھل 126 ـ ئايەت.
[2]سۈرە بەقەرە 194 ـ ئايەت.

---

[3]ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[4]قەدەرىيە پىرقىسى ئىسلامدىكى مۇخالىپ پىرقىلەرنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا ئوتتۇرىغا چىققان پىرقىدۇر. ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى غەيلان ئەلقەدەرىي بولۇپ، خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك شام دەرۋازىسىغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ پىرقە ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىش يۈزبېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىلىدۇ، ھەر قانداق ئىش ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن ئەمەس بەلكى ئىنساننىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، قەدەرىيە پىرقىسى كېيىن ئون ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.
[5]جەبرىيە پىرقىسى قەدەرىيە پىرقىسىنىڭ تام تەتۈرىسى بولۇپ، ھەرقانداق ئىش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىدا ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ پىرقىنىڭ شاخچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

پىرقىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشى ياكى ئازغۇن بولۇشىدا ئاللاھنىڭ ھېچ رولى يوق دېيىش ئارقىلىق تۇغرا يولدىن ئازغان بولسا، يەنە بىرى: ئىنساننىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئىنسان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە مەجبۇردۇر، دېيىش ئارقىلىق تۇغرا يولدىن چەتنىدى. ئەمما ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، دېيىش ئارقىلىق بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتتى ۋە بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ: «پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر»[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلدى.»

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئىمان بابىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئوتتۇراھال يول تۇتقىنىدەك، ئىمان بابىدىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتتى. ئىمان بابىدا بىرى سەل قاراپ، يەنە بىرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ تۇغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئىككى پىرقە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەمەلنىڭ ئىمان بىلەن ئالاقىسى يوق، دىلىدا ئىشەنگەن ئادەم ئەمەل قىلمىغان تەقدىردىمۇ كامىل مۆئمىن بولغان بولىدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بىرى ئەمەل بىلەن ئىمان بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دىلىدا ئىشىنىپ قويۇپ، ئەمەل قىلمىغان ئادەمنى مۆئمىن دېگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ بىرى مۇسۇلمان چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، يەنى كاپىر بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىرى مۇسۇلمان چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ۋە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئىمانغا قىلچە زىيىنى يوق، دەپ قارىدى. ئەمما ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە چوڭ گۇناھلار مۆئمىننى ئىماندىن چىقىرىۋەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمانغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، ھەتتا چوڭ گۇناھلار يىغىلىپ ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، چوڭ گۇناھلارنى سادىرقىلغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمىسىمۇ، لېكىن دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولۇپ، دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ مىقدارىچە دوزاختا ئازابقا دۇچار بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە خاۋارىجلارغا[2] ئوخشاش چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلارنى كاپىر بولىدۇ، دەپ قارىمىدى ۋە مۇرجىئەلەرگە[3] ئوخشاش چوڭ گۇناھلار ئىماننىڭ كامىللىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، دېمىدى. بەلكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلار ئىمانى كەمتۈك مۆئمىنلاردۇر، يەنى ئۇلار ئىمانى سەۋەبلىك مۆئمىنلەردۇر، گۇناھلىرى سەۋەبلىك پاسىقلاردۇر، دەپ قاراپ، بۇ مەسىلىدىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتتى.

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەققىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىللەتلىرىدىن يىراق ھالدا ئوتتۇراھال يول تۇتقان بولۇپ، بىز سۆزنى ئۇلارنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى ئوتتۇراھاللىقىدىن

[1] سۈرە ئىنسان 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] خاۋارىجلار خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئەۋۋەلىدە سىياسى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان پىرقە بولۇپ، ئۇلار چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلاردىن تۆۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كاپىرلار ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلار، دەپ قارايدۇ.

[3] مۇرجىئەلەر- گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئىمانغا قىلچە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، دەپ قارايدىغان پىرقىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uygurkitap.com

باشلايلى.

ساھابىلار بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە بىرى سەل قاراپ، يەنە بىرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ توغرا يولدىن ئازغان ئىككى پىرقە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇلارنى «كاپىرلار» دەپ قاراپ، ئۇلارغا لەنەت ئېيتىشنى مۇباھ ساندى، ئۇلار بولسا ساھابىلارغا ئاداۋەت تۇتقان ۋە ئۇلارنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغان «ئاداۋەتچىلەر» پىرقىسىدۇر. يەنە بىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھەزرىتى ئەلى ئاللاھدۇر ياكى پەيغەمبەردۇر ۋە ياكى پەيغەمبەرلىككە ھەقلىق زاتتۇر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا چوقۇندى. ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ياردەمچىلىرى دەپ ئاتىۋالغان راپىزەلەربولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ ياردەمچىلىرى ئەمەس بەلكى دۈشمەنلىرىدۇر.

ئەمما ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بۇ مەسىلىدىمۇ سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىللەتلىرىدىن يىراق ھالدا: ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا تۇغقاندارچىلىق ۋە كۈيئوغۇللۇق ھەقلىرى بار لېكىن ئۇلارنى ئۇلاردىن ئىلگىرىكى خەلىپىلەردىن ئەۋزەل سانىمايمىز، ئۇلار ھەققىدە چەكتىن ئېشىپ ئۇلارنى ئۇلاردا يوق خىسلەتلەر بىلەن ماختىمايمىز، دېيىش ئارقىلىق ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا چوقۇنغان راپىزەلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىگە سەل قارىغان ۋە ئۇلارغا تىل ئۇزىتىشنى ھېچ ۋەقەسى يوق دەپ قارىغانلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇ ئىككى پىرقە ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتتى. چۈنكى راپىزەلەرنىڭ بەزلىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ قىلىۋالغان بولسا، يەنە بەزىلىرى پەيغەمبەرلىككە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقلىق ئىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلگەن پەيغەمبەرلىكنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن، دەپ ئېتىقاد قىلىپ توغرا يولدىن ئاداشتى. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى بىر پىرقە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا كۆز يۇمدى ۋە ئۇلارغا تىل ئۇزىتىشنى دۇرۇس ساندى، ھەتتا ئۇلارنى ئىسلامدىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەۋلىيالار مەسىلىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرى ۋە ئەۋلىيالار مەسىلىسىدىمۇ بىرى سەل قاراش يەنە بىرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئارقىلىق توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئىككى پىرقە بار بولۇپ، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ كەلدى.

ئۇ پىرقىلارنىڭ بىرى ئەۋلىيالار ھەققىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئەۋلىيالارغا چوقۇندى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەۋلىيا دېگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلاشقان كىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قولىدا ھاسىل بولمىغان خارىق ئادەت ئىشلارنى ھاسىل قىلغان كىشىدۇر. ئۇلار: بۇنداق ئەۋلىيا بىزنىڭ ئۇلۇغلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ دەپ قاراپ، ھاياتىدا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭ بەدىنى تەككەن سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەۋەررۈك قىلسا، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ۋە قەبرىسى يېنىدا ناماز ئوقۇپ، ھاجەتلىرىنى ئاللاھدىن تىلىمەي ئۇنىڭدىن تىلەپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى.

ئۇ پىرقىلارنىڭ يەنە بىرى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە قارىتا سەل قاراش يولىنى تۇتتى ۋە ئۇلارنىڭ قەدرى قىممىتىنى تونىمىدى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، ئۇلارنى «رادىكال»، «قالاق» دېگەندەك يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى.

ئەمما ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاساسەن بۇ ئىككى پىرقە ئارىسىدىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلدى ۋە ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆردى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەردۇر. لېكىن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلىشقا، ئاللاھنى قويۇپ، ئۇلارغا چوقۇنۇشقا ئېلىپ بارمىدى بەلكى ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنى ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنى ۋە ئەۋلىيالارنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆردى، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى يېزىپ قالدۇردۇپ، ئەۋلادلارنى ئۇلاردەك ئادەم بولۇشقا ئۈندىدى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرغان ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شۇ خىلدىكى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى كىشىلەردىن بولۇشقا، ئاللاھنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تائەت ـ ئىبادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قاتارلىقلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن تەرەپلەردىكى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىن كۈچلۈك دەلىللەرگە تايانغان ئوتتۇراھاللىقنىڭ مىساللىرىمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىدىكى مىساللار بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

«ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى» دېگەن تېمىنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق بۆلۈملىرىدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇراھاللىق قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەردە تەشەببۇس قىلىنغان توغرا يول بولۇپ، ئاللاھنىڭ رىزاسى، ياردىمى دەل مۇشۇ يولدا تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر. قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك، بۇ يولدىن ئوڭ ياكى سولغا چەتنەپ كەتكەنلەر ئۆزلىرىنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ، ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، شېھىتلەرنىڭ، مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە دۇچار قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار داغدام يول ۋە توغرا لىنىيىدىن چىقىپ كەتكەن قاتناش قورالىرى تالاپەتكە يۈزلەنگەندەك، ھالاكەتكە يۈزلەنگۈچىلەردۇر.

ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنىگەن كىشى ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي، خالاپ ـ خالىماي ئاللاھنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە يولۇققان يەھۇدىيلارنىڭ يولىغا ياكى ھەقتىن ئېزىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن خىرىستىيانلارنىڭ يولىغا ياكى ئىسلام دۇنياسىغا بالا ـ مۇسىبەت بولغان شىئە ـ راپىزەلەر ۋە خاۋارىجلارنىڭ يوللىرىغا كىرىپ قالىدۇ.چۈنكى توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەنلەرنى شۇ مەلئۇنلارنىڭ يولى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. رەببىمىز بارلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغاي.

(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).[1] (ئامىن)

---

[1] سۈرە پاتىھە 5 ـ ، 6 ـ ، 7 ـ ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دۆلەت ۋە ئىستىخبارات

تۈركچىدىن ئۆزلەشتۈرگۈچى: مۇھەممەد بۇغرا

قىسقىچە مەزمۇنى: سىياسەتچىلەر ۋە ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ دەلىللىك ۋە تەھلىللىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا يېتەرلىك بىلىم ۋە ئىستىخبارات مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىستىخباراتقا كۆڭۈل بۆلمىگەن دۆلەتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشى خۇددى كۆزنى تېڭىپ قويۇپ مارافونچە يۈگۈرۈشكە سالغاندەكلا ئىش. ئىسستىخبارات مىللىي بىخەتەرلىك سىياسىتىنىڭ ئاساسى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھەرىكەت قوزغاش ۋە ئۇرۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىلا ئەمەس، ھەتتا نەتىجىسىنىمۇ بەلگىلەيدىغان ئىستىخبارات پەقەت بىر ئىجتىمائىي پەن تۈرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ بىر سەنئەت.

ئىستىخبارات تۈركىي قەۋملەردە خاتا چۈشىنىلگەن، خاتا تونۇلغان، قورقۇنچلۇق ھېس قىلىنغان، تېخى بەزىدە سەلبىي مەنىدە قوللىنىلغان، خەتەرلىك دەپ قارالغان بىر پائالىيەتتۇر. بۇ قارىماققا زىت كۆرىنىدۇ. چۈنكى تۈركلەر «غەيۋەت»كە ئوخشاش بىر خىل ئىستىخباراتنىڭ بىرخىل شەكلىنى كۈنلۈك ھاياتىنىڭ ھەر قىسمىغا سىڭدۈرگەن ۋە غەيۋەتنى ياقتۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن ئىستىخباراتتىن قورقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندىلىك ھاياتتا غەيۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرۈش قارىماققا زىتتەك بىلىنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا ھېچقانداق زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس.

غەيۋەت ناچار ئىش بولغاچقا، ئىستىخباراتنىڭ غەيۋەت بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىلىشى نەتىجىسىدە ئىستىخباراتقا سەلبىي مەنە بېرىدۇ. ئىستىخبارات ۋە ئىستىخباراتچىنى يامانغا چىقىرىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئىستىخباراتنى ئۈنۈمسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

«ئىستىخبارات» ئەرەبچىدىكى «ئىستىخبار»، «خەۋەر»، «ئۇچۇر ئېلىش» دېگەن سۆزلەردىن تۈرلەنگەن بولۇپ، بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يولدىشىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغان ئالدىمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئايالنىڭ

قىلغانلىرى بىلەن ئىستىخباراتچىنىڭ قىلغانلىرى ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق. ئىنگلىزچىدىكى ″intelligence″ سۆزى «ئىستىخبارات» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ يەنە «ئەقىل، زېھىن، ئۇچۇر» دېگەندەك مەنىلىرىمۇ بار. يەنى، بۇ سۆزدە تەكىتلىنىدىغىنى خەۋەرلەرنىڭ توپلىنىشىلا ئەمەس، بەلكى توپلانغان خەۋەرلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئانالىز قىلىنىپ، قىممىتىنىڭ بېكىتىلىشىدۇر.

بۇ ئىككىسىنى ئادەتتىكى ئېتىمولوگىيىلىك پەرق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتىدا تەكىتلەشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى ئىستىخباراتنىكى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئادەتتىكى تەتقىقاتچى ۋە كەشپىياتچى روھى ئارىسىدا مۇھىم باغلىنىشىنىڭ بولىدىغانلىقىدۇر. دۇنيانى ھەرخىل ئىلمىي ياكى قىزىقىش مەقسىتىدە تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تىزىمسىز كىشىلەر ئارىسىدا ئىستىخباراتنىكى مۇۋەپپەقىيەت نۇقتىسى جەھەتتىن مۇھىم پەرق بار.

جەنۇبى قوتۇپنى تۇنجى بايقىغان كەشپىياتچى بولۇش، تۇنجى قېتىم DNA نى تاپقان ئالىم بولۇش، يوقىلىپ كەتكەن مەدەنىيەتنى قىزىپ چىققان ئارخېئولوگ بولۇش بىلەن ئىستىخباراتنى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى دەپ قاراش ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تۈرك خەلقىنىڭ كەشپىياتچىلىققا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىلمىگە بولغان قىزىقىشى تەخمىنەن 400 يىللار بۇرۇن سۇسلىشىشقا باشلىغان. بۇ سۇسلىشىش شەرقشۇناسلىق ئىدىيىسى بويىچە يېزىلغان ۋە تۈركلەرگە قارشى يوشۇرۇن نەپرەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن زامانىۋى تەتقىقات ئۇسۇللىرى چۈشەندۈرۈلگەن كىتابلاردىمۇ مازاق قىلىش تېمىسىغا ئايلانغان.

گاف (Graff) ۋە بارزۇن (Barzun) ″زامانىۋى تەتقىقاتچى (Modern Araştırmacı″ ناملىق كىتابلىرىدا تەتقىقات روھىنىڭ ئۈلگىمىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئىنگلىز ئارخېئولوگ لايارد (Layard) ئېلان قىلغان، بىر تۈرك خىزمەتچىنىڭ بىر ئىنگلىزنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەكتۇپنى نەقىل قىلىدۇ: «داڭلىق دوستۇم، جان-جىگىرىم، مەندىن سورىغىنىڭ ھەم تەس ھەم پايدىسىز. بارلىق ۋاقتىمنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، نە ئۆيلەرنى ساناپ باقتىم، نە پۇقرالارنىڭ سانى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. خەقنىڭ ئېغىر يۈكلىرى، نېمىدىن مەھرۇم قالغانلىقى، كىمنىڭ نېمىنى يۇشۇرغانلىقى بىلەن پەقەت كارىم بولمىدى. شەھەرنىڭ تارىخىغا كەلسەك، ئىسلام قىلىچى بۇ يەرلەرگە كېلىشتىن بۇرۇن گاۋۇرلارنىڭ قانداق رىيازەتلەرنى چەككەنلىكىنى، قانداق كۆز بويىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. بۇلارنى تەكشۈرۈشىڭنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، جانىم، ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارلاشماڭ. خۇش كەلدىڭىز، سالامەت كېتىڭ.» (1999: 3)

4000 يىلدىن بېرى تارىخ سەھنىسىدە مەۋجۇت بولغان ۋە بۇ جەرياندا ھېچقايسى مىللەتتە كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كەڭرى جاھانغا تارقىلىپ، ھۆكۈمرانلىق تىكلەپ، دۆلەت ۋە تۇزۇم ئورناتقان بىر مىللەت، دۇنيانىڭ ئەڭ تەرتىپلىك ئارخىپ سىستېمىسى بىلەن تاغدىكى قايسى يېزىلىقنىڭ قانچە دانە توخۇسى بارلىقىغىچە خاتىرىلەپ ماڭغان بىر تەرتىپنىڭ قۇرغۇچىلىرى يۇقىرىدىكى مەكتۇپتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھالەتكە بىر كۈندىلا كېلىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھالەتكە چۈشكەندىن كېيىن، بۇ خىل ھالەت قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتتى. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۈرك سىياسىتىنى ئىستىخباراتقا يېتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بەرگەن، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ

ئىستىخباراتقا «يوشۇرۇن غەيۋەت» ئىدىيىسىدە قارىغان ۋە ئىستىخباراتچى بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە، ئىستىخباراتچىنىڭ ئۆزىگە بېسىم بولىدىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغان تۈرك سىياسەتچىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىستىخباراتچىلاردىن ۋە ئىستىخباراتتىن يىراق تۇرۇشنى تاللىماقتا، قارار جەريانىغا ئىستىخباراتنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوشماسلىققا تىرىشماقتا. ئەمما ئەمەلىيەتتە سىياسەتچى ۋە قارار چىقارغۇچىلارنى دەلىللىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدىغىنى پەقەت يېتەرلىك بىلىم ۋە ئىستىخباراتتۇر.

مىللىي سىياسەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا ئىستىخبارات بىلەن سىياسىي قۇرۇلما مۇناسىۋىتى (مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇچۇر ـ ھەرىكەت مۇناسىۋىتى)دىنمۇ بەكرەك مۇھىم ئامىل يوق. ئىستىخبارات دىپلوماتىيە، ئەسكىرى كۈچ، تەرغىبات، پىسخىك ھۇجۇم، يوشۇرۇن ئۇرۇش ۋە ئىقتىسادى بېسىمنىڭ يۆنۈلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئىستىخبارات پەقەت يۇقىرى قىسىمدىكى سىياسەتچىلەرنىڭ باھالىنىشىغا سۇنۇلىغان جاسۇسلۇق مەھسۇلاتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىجابىي باھالاش ۋە قارار چىقىرىشقا ۋاستە بولىدىغان بىلىمدىن ئىبارەتتۇر.

پەقەت تۈركىيەدىلا ئەمەس، ئىستىخبارات ئۇل مۇئەسسەسەلىرى تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، فرانسىيە، روسىيە ۋە ئىسرائىلىيەدىمۇ «ئىستىخبارات ـ دۆلەت ئەربابى» ئۆزۈكلۈكلۈكى مەۋجۇت. مەسىلەن: ئامېرىكا ئىستىخبارات تەشكىلاتى **CIA** نىڭ **1970** ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، دۇنياۋى تەھدىتنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتىغا ھۆكۈمەت كۆڭۈل قويۇپ كەتمىگەن. «كۆڭۈل بۆلۈنۈلمىگەن تەقدىردە ئەڭ ياخشى ئىستىخبارات دوكلاتىنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ» دېگەن ئىستىخبارات داھىيلىرىدىن گېرمانىيە ئىستىخباراتچىسى گېنىرال گېھلېن (**Gehlen**) ناھايىتى مۇھىم بىر نوقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىستىخباراتقا كۆڭۈل بۆلمىگەن دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىنىشى كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ مارافونچە يۈگۈرگەنگە باراۋەر. نەگە كەلگەنلىكىنى، رەقىبلىرىنىڭ كىملىكىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىسىدا ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك يۈگۈرگەنلىكىنى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھېچنېمىنى بىلمەي يۈگرەيدۇ. ئەمما سىياسىي قارار چىقارغۇچىلار ئالدىدىكى پۇرسەت ۋە تەھدىتلەرنى ئالدىن سېزىشى كېرەك. بىر مىللەت دۇچ كەلگەن پۇرسەت ۋە تەھدىتلەر پەقەت ئەسكىريي جەھەتتىلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى كەڭ بوشلۇققا يېيىلغان. ئىستىخبارات مىللىي بىخەتەرلىك سىياسىتىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىستىخباراتنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشىنىڭ دۈشمەننىڭ باشقا قىسىملارنى قولغا چۈشۈرۈشنى توسىدىغان دەسلەپكى قوغدىنىش ئىكەنلىكىنى ھەرۋاقىت ئەستە تۇتۇش كېرەك.

ئىستىخبارات بارلىق بىلىشكە تېگىشلىك نوقتىلارغا ۋە كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك سۇئاللىرىمىزغا توغرا جاۋاب بېرىپ، قارار چىقارغۇچىلارنى «قاراڭغۇدا سىيلاپ مېڭىشتىن» قۇتۇلدۇرامدۇ؟ ھەر بىر ئىستىخباراتچى بۇ سۇئالغا شۇنداق جاۋاب بېرىدۇكى، بۇ ئىستىخباراتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدۇر، ئەمما ئۇنداق يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىش ھەرۋاقىت مۇمكىن بولۇۋەرمەيدۇ. ئىستىخبارات ھەرۋاقىت كەلگۈسى توغرىسىدا مۇتلەق توغرا ئانالىزلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئومۇمى دائىرىنى بەلگىلەش ۋە ئوخشىمىغان سىنارىيەلەرنى يېزىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىشكە ياردەمچى

بولىدۇ.

ئەمما كۆپىنچە سىياسەتچى ۋە قارار چىقارغۇچىلار «ئۆلچەنگەن ئېنىقسىزلىقلار ئىچىدە ياشاشنىڭ ئورنىغا، ساختا مۇتلەقلىق ئىچىدە ياشاشنى» تاللىماقتا. يەنە كېلىپ، ئىستىخباراتچىلار كۆپىنچە سىياسى ۋە ئەسكىرىي قارار چىقارغۇچىلارنىڭ كاسساندرا تۈزۈقى "Kassandra Kompleksi" ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر. كاسساندرا تۈزۈقى "Kassandra Kompleksi" قارار چىقارغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان چۈشەنچىلەرنى، ئالدىن پەرەزلىرىگە ماس كەلمىگەن ئۇچۇر ۋە ئىستىخباراتنى قوبۇل قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى نوقتا ئىستىخبارات ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

ئەنگىلىيە ئىستىخباراتچىسى م. ھېرمان (M. Herman)نىڭ قارىشىچە، ئىستىخبارات راتسىئونالىلىقنى ئىپادىلەيدۇ، ئىستىخبارات ئىشلىتىشنى رەت قىلغان دۆلەت ئادەمى ئارستوتىلدىن باشلاپ غەربلىكلەرنىڭ بىلىم دۇنياسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلگەن ئىككى ۋاستىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانلىقنى بىلىشى كېرەك. بۇلار ئەقىل ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىستىخبارات زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىمۇ ئىنتايىن زور رول ئوينايدىغان ئامىلدۇر.

ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى بىلەن دېموكراتىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دېموكراتىيەگە قارشى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىستىخبارات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پەرقلىقتۇر. بىر جەھەتتىن دېموكراتىلەر بارلىقنى قوغداش ئۈچۈن ئىستىخباراتقا باغلىق، يەنە بىر جەھەتتىن، بەزى ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى قانۇنى ھەق-ھوقۇقنىڭ ۋە ئەركىنلىكنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. پۇقرالارنىڭ ئاساسي ئەركىنلىكنىڭ يوقىتىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. نۆۋەتتە تۈركىيە بۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتمەكتە. دېموكراتىيە ئىنساندىنمۇ قىممەتلىك بىر ھالغا كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە ئىنسان دېموكراتىيە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دېموكراتىيە ئىنسان ئۈچۈن پەيدا بولغان. دېموكراتىيلەشكەنسېرى قورقۇنچلار كۆپەيمەكتە، ئەمما دېموكراتىيە ئەسلىدە قورقۇنچتىن قۇتۇلغان خەلق بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىستىخباراتچىلار بىر ۋەتەنداشنىڭ باشقا دۆلەت ئۈچۈن ئىشلىگەن ياكى ئىشلىمىگەنلىكىنى تەكشۈرگەندە قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئاساسي قانۇننىڭ چەكلىمىسىدىن ئاشقان بولىدۇ؟ ئىستىخبارات مۇلازىمەتلىرى ئۆز خەلقىگە يېپىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاساسىي قانۇندىكى ھەق-ھوقۇقلىرىغا دەخلى قىلغان بولامدۇ؟ قىسقىچە، دېموكراتىيەدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئىستىخباراتنىڭ ئاساسىي قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى ناھايىتى مۇھىم.

ئىستىخبارات بىرخىل بىلىم بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىرخىل سەنئەتتۇر. ئىستىخبارات يېرىم ئەسىردىن بېرى خەلقئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنماقتا. غەربتە ئىستىخبارات ئەدەبىياتى 1975-يىلىدىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان. 2000-يىلىنىڭ باشلىرىدا غەربتە نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقلاردا ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات، ئالداش ھەرىكىتى، يېپىق ھەرىكەت قاتارلىقلار دەرس قىلىپ ئۆتۈلمەكتە. 11-سېنتەبىردىن كېيىن غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئىستىخبارات ئىلمىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلىغان ۋە يېڭى سىنىپلار ئېچىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uygurkitap.com

ئىستىخبارات ئانالىزچىسى چالا، خاتا ياكى بۇرمىلانغان ئۇچۇرلارنى ھەقىقىيلىرىدىن ئايرىپ، رەقىبنىڭ چۈشەنچە سىستېمىسىنى يېشىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلغان، رەقىبنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئالدىن پەرەز قىلىشقا تىرىشقان ئادەمدۇر. بۇ ناھايىتى قىيىن خىزمەت. ئۇزاق مۇددەت ئىشلەش ۋە تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە ئىستىخبارات ئىجتىمائى پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىي پەنلەردىكىدەك مۇتلەق يەكۈنلەرنى چىقىرالمىسىمۇ، لېكىن قارار چىقىرىش ئۈچۈن مەلۇم بىر دائىرىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. بەزى ئىجتىمائى پەنچىلەر، تارىخچىلار، سىياسەتچىلەر ئەڭ زامانىۋى ئىستىخبارات تېخنىكىسىنى قوللانغان، ئەڭ كۆپ مەبلەغقە ئىگە بولغان ئىستىخبارات مۇلازىمەتلىرىدىن بەكرەك ساغلام ۋە توغرا پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، لېكىن بۇ ئەھۋال ئىستىخبارات بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئانالىزچىلارنىڭ ئۇسۇل يېتەرسىزلىكىدىن ياكى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىجتىمائى پەنچىلەرنىڭ ئۈستۈن زېھىن ۋە ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈسىدىن بولىدۇ.

بۈگۈنكى «ئۇچۇر دەۋرى»دە ئانالىز ۋە باھالاشنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى تۆۋەنلىمەيدۇ، ئەكسىچە ئارتىدۇ. چۈنكى ئۇچۇر دەۋرى ئۆزى بىلەن بىرگە زور مىقداردا مەلۇمات ۋە ئۇچۇر ھالاكىتىنى ئېلىپ كەلمەكتە، بۇ ھالاكەت ئەمەلىيەتنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا رېئاللىقنى يوشۇرماقتا. ھەتتا رېئاللىقنى يوشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانالىزچىنىڭ توغرا ئانالىز ۋە باھالاش ئۇسۇللىرىنى تەجرىبە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھالاكەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشى تېخىمۇ مۇھىم بولماقتا.

ئىستىخبارات دېگەن ھامان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كىنو ۋە رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن قوراللىق كىشىلەر، سۈيقەستلەر، پىتنە ـ پاساتلار، مۇرەككەپ قوراللار ۋە ئۆلتۈرۈش تېخنىكىلىرى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئىستىخباراتنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدۇر. خۇددى ئۆلۈم دوختۇرخانىدىكى قىسمەن ئەھۋال بولغانىدەك، يۇقىرىقىلارمۇ ئىستىخباراتنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدۇر. ئەمما دوختۇرخانا دېگەن ھامان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى داۋالاش كېلىدۇ. بىراق ئىستىخباراتتا يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشى ئۇنىڭ ناتونۇشلۇقىدىن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەختسىزلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

م.ئاتاي **(M. Atay)** مۇنداق دەيدۇ: «ئىستىخبارات بىر ھۆكۈمەتنىڭ ياكى سىياسىي پارتىيەنىڭ گۇمران قىلىنىشى، دۆلەت ئادەملىرى ياكى ئۇلارنىڭ نىشانلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىلىشى، ئادەم ياكى ئىشپىيونلارنىڭ قاچۇرۇلۇشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشى ئەمەس، بەلكى، بىر دۆلەتنىڭ رەقىبلىرىدىنمۇ كۆپرەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇشى ياكى ھېچ بولمىغاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئۇچۇرنىڭ توپلىنىشىدۇر.[1] ئىستىخبارات «يېپىق ھەرىكەت» دەپ نام بېرىلگەن پائالىيەتلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا ئۇچۇرلارنىڭ توپلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئانالىز قىلىنىشىدۇر. ھەتتا بەزى ئىستىخباراتچىلار ۋە ئىستىخبارات ئالىملىرى يېپىق ھەرىكەتنى ئىستىخباراتنىڭ ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەريانىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.

ئىستىخباراتقا كىسىپ تەبىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئىستىخباراتقا ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان ھەرخىل تەبىرلەرنى بېرىش مۇمكىن. ئەمما ئىستىخباراتقا تېخنىكىلىق جەھەتتىن بېرىلگەن تۆۋەندىكى تەبىر ئۈستىدە ئورتاق پىكىرگە كېلىش تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ. بۇ تەبىر «ئىستىخبارات چاقپېلىكى» دەپ ئاتالغان چاقپەلەكنىڭ ئېچىلىشىغا تايىنىدۇ. يەنى،

[1] م.ئاتاي، 2001: 80)

ئىستىخبارات مەلۇماتىنىڭ توپلىنىشى، سىلىشتۇرۇلۇشى، باھالىنىشى، ئانالىز قىلىنىشى، بىرلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەھسۇلاتتۇر.[1]

ت. ۋ. پروسشى (T. W. Procyshy) نىڭ: «ئىستىخبارات كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ مەنتىقلىق راۋاجلىنىشى ۋە نەتىجىلىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دېگەن تەبىرى يۇقىرىدىكى تەبىرنى قىسقا ۋە مەزمۇنلۇق بىر نەزەرىيە دائىرىسىگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىستىخبارات ئەدەبىياتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ھېچنېمە ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن.[2]

ئىستىخبارات ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارغا ئاساسەن، ئىستىخباراتنى بىر مىللەت ئىرىشكەن پۈرسەت ۋە يولۇققان خەتەرلەرنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان بولۇش ئۈچۈن ستراتېگىيىلىك ۋەقەلەرگە، تەرەققىياتقا، شەخس ۋە ئورگانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلاش، سىلىشتۇرۇش، باھالاش، ئانالىز قىلىش، بىرلەشتۈرۈش ۋە باھا بېرىش پائالىيىتى، دېيىشكە بولىدۇ.[3]

تۇرخان شەنەل (Turhan Şenel) بىلەن مۇئەززەز شەنەل (Muazzez Şenel)نىڭ تۆۋەندىكى تەبىرىمۇ ئىستىخباراتنى چۈشەنمەيدىغانلارمۇ چۈشىنەلىگۈدەك قىلىپ ئىپادىلەنگەن تەبىرلەرنىڭ بىرىدۇر: «ئىستىخبارات رەقىپ ياكى رەقىپ بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان دۆلەتلەرنىڭ نىيىتى، پىلانى ۋە بۇ پىلانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارى توغرىسىدىكى ھەرخىل خەۋەرلەرنى توپلاش ياكى ئۇچۇر ئىگەللەشتۇر.»[4] ئىستىخبارات ئىلمىگە سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە شۆھرەتكە ساھىپ بولغان پروفېسسور، دوكتور ئاددا بوزەمان (Prof. Dr. Adda Bozeman) ئىستىخباراتنى سىياسىي جەھەتتىن بىرلەشكەن قەۋمنىڭ ئەتراپتىكى قەۋم توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات ئېلىش ئېھتىياجىغا ئاساسلانغان، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ھەرىكەت، دەپ ئىزاھلىغان.[5]

ئىستىخباراتنىڭ كۆپ باھا ۋە قىياسلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان مكدوۋېل(McDowell): «ئىستىخبارات مەلۇم بىر ئىش ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان يېڭى ئۇچۇر، شۇنداقلا ئاخىرىدا ئۇلارغا بېرىلگەن باھانىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ.»[6] دېگەن. شەنەل خەۋەرنىڭ ئىستىخبارات ئەمەسلىكىنى، ئىستىخبارات بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىش قوشۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.[7]

Ertuğrul Güven ئىستىخباراتقا خەۋەر قىممىتىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ توپلىنىشى، باھالىنىشى نەتىجىسىدە قولغان كەلتۈرگەن ئۇچۇر، دەپ تەبىر بېرىدۇ. دۆلەت ئىستىخباراتىغا بىخەتەرلىك توغرىسىدا قارار چىقارغۇچىلارنىڭ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە خەۋەر ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ئاشكارا، يېرىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن توپلاش، ئۇلارنى باھالاپ چىقىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇچۇر، دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستىخبارات بىرەر ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك توپلانغان مەلۇمات ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ئانالىز قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئېرىشلگەن ئىلىم ۋە ستراتېگىيىلىك مەلۇماتتۇر.

ـ داۋامى كېيىنكى ساندا...

---

[1] OPSEC, 1996: 2,1)

[2] ت.ۋ. پروسشى 1991: 1

[3] Johnson, 1989: 1

[4] شەنەل1997: 32

[5] بوزەمان 1992: 1

[6] مكدوۋېل 1998: 12

[7] شەنەل1997: 40

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلامدىكى ئېقىم ۋە ئىزىملار

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان بارلىق قانلىق ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىنچىكىلەيدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مەزھەپ پەرقى، چۈشەنچە پەرقى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە، دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن پىلانلىق ھالدا تارقىتىلغان پىتنە ـ پاساتلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى توغرا ئانالىز قىلىش، زامانىمىزدىكى پىكرىي ئېقىملارنىڭ ھەقىقىتىنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئەڭ ياخشى چىقىش يولى تاللاش ئۈچۈن 14 ئەسىرلىك ئىسلام تارىخىمىزنىڭ سەھىپىلىرىگە نەزەر سېلىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر پىكرىي ئېقىملارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە چوڭ پىتنىلەر ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى كۈنىمىزگىچە ئۈزۈلۈكسىز ھالدا داۋام قىلماقتا ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەرخىل قايمۇقۇش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى روھىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا «والفتنة أكبر من القتل» «پىتنە دېگەن ئۆلتۈرگەندىنمۇ يامان» دېيىش ئارقىلىق پىكرىي ئۇرۇشنىڭ قورallıق ئۇرۇشتىن يامان ئىكەنلىكىنى جاكارلىغاندەك، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى بىلەن باشلانغان پىتنىلەر، ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە ئاممىۋى قىرغىنچىلىقتىنمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى بولۇش بىلەن بىرگە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنى قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالغان قاتىللارغا قاراتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنىڭمۇ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى:

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر مېنى ئۆلتۈرسەڭلار، مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلىيالمايسىلەر، ھەممىڭلار دۈشمەنلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشىسىلەر».[1]

يەھۇدىيلىقتىن يالغاندىن مۇسۇلمان بولۇۋالغان چوڭ پىتنىخور ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ باشچىلىقىدىكى بىرقىسىم مۇناپىقلار «مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەنسەپلەرنى ۋە خەزىنە ماللىرىنى ئۆز ئۇرۇق ـ

[1] ئىسلام قىسسىلىرى تور بېكىتى / باشقۇرغۇچى دوكتۇر راغىب سەرجانى

تۇغقانلىرىغا تارقاتتى» دېگەندەك ئۇچۇق ئاشكارا يالغان تۆھمەتلەرنى دەستەك قىلىپ ئۇنىڭغا قارشى ئىچكى جەھەتتىن پىتنە قوزغىغان بولۇپ، نەتىجىدە يەمەن، مىسىر ۋە باشقا بىر نەچچە ۋىلايەتلەردىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى بىرلەشكەن 2 مىڭدىن ئارتۇق تەقۋالىق دەۋاسى قىلغۇچى، ئەمما قەلبىگە مۇناپىقلىق ۋە كۇپرى يوشۇرۇنغان كىشىلەر ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن مەدىنىگە كېلىدۇ ۋە بىر كېچىدىلا ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشىۋېلىپ 42 كۈنگىچە يېمەك ـ ئىچمەكتىن مەھرۇم قويغاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 35 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى شېھىت قىلىۋېتىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى نائىلە بىنت فەراپىسە ئۇنىڭ قانلىق كۆينىكى، يۇلۇنغان ساقىلى ۋە ئۇنى قوغداش جەريانىدا كېسىلگەن 5 تال بارمىقى بىلەن بىرگە شام ۋالىيسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ قاتىللىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزكۇر مەكتۇپ دەمەشىق چوڭ جامەسىدە ئوقۇلغاندا جامەگە يىغىلغان 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆزلىرىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغا ـ زارە قىلىشىدۇ.[1]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، گەرچە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالتە كۈنگىچە خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرۇشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، مۇرەسسە ھەيئىتى ئەزالىرى ۋە باشقا چوڭ ساھابە كىراملارنىڭ «ئەگەر سەن خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلمىساڭ، ئۇنى پىتنىخورلار ئىگىلەيدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق قاتتىق تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئامانلىقنى كۆچەيتىش يۈزىسىدىن پايتەختنى مەدىنىدىن ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىگە يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى بىرنەچچە قەبىلە كاتىۋاشلىرىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە جازالاشنىڭ تىخىمۇ كۆپ پىتنە ـ پاساتقا سەۋەبچى بولىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئەڭ بۇرۇن ئۆزىنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ۋالىيلاردىن بەيئەت ئېلىشنى، ئىككىنچى قەدەمدە ھازىرقى ئىستانبۇل (شۇ ۋاقىتتىكى كونىستانتىنىيە)دىن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ خەتىرىدىن مۇداپىئەلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ۋە تاشقى مۇقىملىقنى كۈچەيتىشنى، ئۈچىنچى قەدەمدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان قەبىلىلەر كاتىۋاشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ئەمما شام ۋالىيسى ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى مۇئاۋىيە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى جازالاپ بولۇشنى شەرت قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ.[2]

ئۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئاياللىرى ھەج قىلغان بولۇپ، ئائىشە ئانىمىز ئۇلار بىلەن بىرگە مەككە مۇكەررەمەدە ئىدى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا ۋە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قاتارلىق ساھابە كىراملارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئائىشە ئانىمىز مەككىدىن ئۇدۇل ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىگە بېرىپ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولىدۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بەسرە شەھىرىگە كېلىپ ھىجرىنىڭ 36 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاخشىمى ئائىشە ئانىمىز تەرەپ بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ئۆز ئارا كېلىشىم ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كېلىشكەندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆلۈم ھېسابلىغان ئابدۇللاھ

[1] ئەھلى سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىش تور بېكىتى

[2] ئەلپىتەن / ئەبۇ ئابدۇللاھ نەئىم ھاماد بىن مۇئاۋىيە ئەلمېرۇزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىبنى سەبەئ باشچىلىقىدىكى 2000 غا يېقىن مۇناپىق قوشۇن، مۇسۇلمانلار سېپىدە پىتنە چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئائىشە ئانىمىز ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن گۇمانلانغان ھالدا بىر ـ بىرىگە قارشى مۇداپىئەلىنىش ھۇجۇمىغا ئۆتىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈلمىگەن قانلىق ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. ئائىشە ئانىمىز ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىككىسى قىلىچ ئاۋازى بىلەن ئۇيقۇلىرىدىن ئويغانغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ئائىشە ئانىمىز تۆگە ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇپ ھەر ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشنى توختىتىشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئىسمى «جەمەل ئۇرۇشى» يەنى (تۆگە ئۇرۇشى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقى تىزگىنلەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر باسقۇچقا كىرىپ بولغان ئۇرۇشنى توختىتىشقا يەتمەي قالىدۇ. ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇش ئائىشە ئانىمىز تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئائىشە ئانىمىز ئىززەتتى، ھۆرمەتى بىلەن مەدىنە شەھىرىگە يولغا سېلىنىدۇ.[1]

ئىسلام تارىخىدىكى ئىككىنچى نۇۋەتلىك چوڭ پىتنە تۆگە ئۇرۇشىدىن سەككىز ئاي كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن شام ۋالىيسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان ئوتتۇرىسىدا سۈرىيەنىڭ شەرقىدىكى فىرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان سىففىين دېگەن جايدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «سىففىين» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۈچ كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن ئاردىدىكى مەسىلىنى مۇرەسسە قىلىش (قۇرئاننىڭ ھۆكمى بويىچە كېلىشىش) ئارقىلىق ھەل قىلىش قارارى ئارقىلىق ئاخىرلىشىدۇ.

قۇرئان ھۆكمى بويىچە مۇرەسسە قىلىش قارارىنىڭ قىسقىچە جەريانى تۆۋەندىكىچە: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ ساندا ئۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شام لەشكەرلىرى باش قوماندانى ئەمرى ئىبنى ئاس ھىيلە ئىشلەتكەن ھالدا بۇندىن كېيىن ئارىمىزدا «قۇرئان ھۆكۈم قىلسۇن» دېگەن ئوقۇمنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۆز قوشۇنلىرىنى نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىغا قۇرئاننى تېڭىپ ئۇرۇش مەيدانىغا چىقىشقا بۇيرۇيدۇ، نەتىجىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارى قۇرئان لەشكەرلىرىدىن 20 مىڭ كىشى ئەمدى بىز قۇرئان كۆتۈرگەنلەر بىلەن ئۇرۇشمايمىز دېمەكچى بولۇپ، قىلىچلىرىنى دولىسىغا قويغان ھالدا ئۇرۇش مەيدانىغا چىقىدۇ ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىتاب قىلىپ يا ئەلى! بۇ قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە چاقىرىۋاتقانلارغا جاۋاپ بەر، بولمىسا بىز سېنى ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ئۆلتۈرىمىز دەيدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تەرەپتىن مۇئاۋىيە بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇششۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئۈچۈن مەجبۇرى ھالدا مۇرەسسە ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇرۇش توختىتىلىدۇ.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپتىن ئەمرى ئىبنى ئاس ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپتىن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى مۇرەسسە قىلغۇچى ھەيئەتنىڭ باش ۋەكىللىرى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپتىن 10 كىشى بىلەن بىرگە دەۋمەتۇل جەندەل دېگەن يەردە ئولتۇرۇپ مۇرەسسە كېلىشىمىنى يېزىشقا باشلايدۇ، كېلىشىمنىڭ بېشىغا يېزىلغان «ئەمىرۇلمۇئمىنىن» دېگەن ئاتالغۇغا ئېتىراز بىلدۈرگەن مۇئاۋىيە تەرەپ ۋەكىللىرى بىز ئەلىنىڭ «ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمىز» دەپ، ئۇنى ئۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغاندىن كېيىن پەقەتلا «ئەلى ۋە مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە كېلىشىمى» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ كېلىشىم سەپەر

[1] ئىسلام قىسسىلىرى تور بېكىتى / دوكتۇر راغىب سەرجانى

ئىپدا يېزىلغان بولۇپ، رامزان ئېيىدا (يەنى 8 ئايدىن كېيىن) بۇ ھەقتە تەپسىلىي مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن مەزكۇر مۇرەسسە كېلىشىمنىڭ قارارلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىزچىل رىئايە قىلىش ھەققىدە ئەھدىنامە ئىمزالىنىدۇ. مۇرەسسە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنلا ھەر ئىككى تەرەپ ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ، شېھىتلەر دەپنە قىلىنىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەشكەرلىرى كۇفە شەھىرىگە ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەشكەرلىرى شام تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىدۇ.[1]

مۇرەسسە كېلىشىمدىن بۇرۇن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇرئان ھۆكمى بويىچە كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان ھېلىقى قارى قۇرئان لەشكەرلەردىن 12000 كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بۇ كېلىشىمنى رەت قىلىپ، مۇئاۋىيەگە قارشى ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى: «**إن الحكم إلا لله**» «ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى يوق» دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ، مۇرەسسە ھەيئىتى تەرىپىدىن قارار قىلىنغان ھۆكۈملەرنى رەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى (يەنى خاۋارىجلار بولغانلىقىنى) ۋە ئۆزلىرىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئەل راسبىنى ئەمىر تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئىراقنىڭ ھۇرۇرىيە كەنتىگە كېتىدۇ.[2]

## خاۋارىجلار:

«خاۋارىج» دېگەن ئەرەبچىدىكى «خارىج» (يەنى چىققۇچى) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى چىققۇچى، ئىسلام دىنىغا قارشى چىققۇچى، ئىسلام ئۇممىتىگە قارشى چىققۇچى دېگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن خاۋارىجلارنىڭ قىلمىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ دەل ئاشۇ خاۋارىجلار ۋە ئۇلار بىلەن ھەم پىكىر بولغان بارلىق ئېقىمدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ئەبۇ سەئىد خۇدرى ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدە ئىختىلاپ بولىدۇ، ئۇلار ئېقىملارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئېقىمنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن ياخشى، ئەمما قىلمىشلىرى ئىنتايىن قەبىھ بولىدۇ. ئۇلار قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇ تىلاۋەت ئۇلارنىڭ گېلىنىڭ ئاستىغا ئۆتمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە يېتىپ بارمايدۇ). ئۇلار دىندىن ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئوسال كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەرگە مۇبارەك بولسۇن، بۇ ئېقىمدىكى كىشىلەر باشقىلارنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا چاقىرىدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماستىن، باشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋەھالەنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىلەر ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ياخشى ۋە ئاللاھقا يېقىن كىشىلەر بولىدۇ.»

خاۋارىجلار ئۆزلىرىنى ھەقىقىي مۆئمىنلەر جامائىتى ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلار دەپ ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن شەخسىيىتى ئاجىز ۋە يا گۇناھ ـ مەسىيەتكە ئارىلىشىپ قالغان بارلىق دۆلەت باشلىقلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرز دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ مۇرەسسە كېلىشىمدىن كېيىن كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىمامەت (دۆلەتكە باشلىق بولۇش) دېگەن ھازىرقى دېموكراتىك سايلامغا

---

1 ئەھلى سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىش تور بېكىتى
2 ئىسلام ۋېب تور بېكىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش ئىرقى، مەزھىبى ۋە باشقا تەرەپلىرى بىلەن ھېسابلاشماستىن تەرەپسىز ھالدىكى سايلام ئارقىلىق تەيىنلىنىشى كېرەك بولغىنى ئۈچۈن، مىراس يولى ئارقىلىق خەلىپە بولغان بارلىق خەلىپىلەرنىڭ ھەممىگە قارشى چىقىش پەرز دەپ قارايدۇ.[1]

خاۋارىجلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى باھانە قىلغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا شۇنچە ياخشى ۋە قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ خاتا پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ.

بىرىنچىسى، «تۆگە ئۇرۇشى» جەريانىدا مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ غەنىمەت تارقىتىشقا، ئاياللىرى بىلەن كىچىك باللىرىنى قول ۋە دېدەك قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «تۆگە ئۇرۇشى»دا مەغلۇپ بولغۇچىلار ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ قول ئىلكىدىكى مال-مۈلۈك دۆلەت خەزىنىسىگە ئائىت بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ماللار غەنىمەت ئېلىنسا بولمايدۇ. ئاياللار ۋە كىچىك باللار ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھامۇ بار بولغىنى ئۈچۈن، ئاياللارنى دېدەك ھېسابىدا باشقىلارغا تەقسىم قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى، «سىففىين ئۇرۇشى»دىن كېيىنكى مۇرەسسە كېلىشىمى جەريانىدا كېلىشىمنامە ماۋزۇسىدىن «ئەمىرول مۆئمىنىن» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق ئىسلام خەلىپىسىنىڭ شەۋكىتىنى چۈشۈردى دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمى جەريانىدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزنىمۇ ئۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

ئۈچىنچىسى، قۇرئان كەرىمدىكى: «إن الحكم إلا لله» يەنى «ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھەققى يوق» دېگەن ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇرەسسە ھەيئىتى تەرىپىدىن قارار قىلىنغان ھۆكۈملەرنى رەت قىلىش مەسىلىسىدە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا بۇ سۆز ئۆزى ھەق سۆز، ئەمما مۇسۇلمانلار سېپىدە پىتنە تۇغدۇرۇشتەك باتىل مەقسەت ئۈچۈن ئىستېمال قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مۇرەسسە كېلىشىمىدىن بۇرۇن ئەمرى ئىبنى ئاس ۋە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىلەر باشچىلىقىدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ كېلىشىم قارارلىرىغا ئىزچىل رىئايە قىلىش ھەققىدە بەرگەن ئەھدىمىزدە چىڭ تۇرىشىمىز كېرەك دەيدۇ.[2]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خاۋارىجلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇش 38-ھىجرىيە يىلى باغدات بىلەن ھەلۋان ئوتتۇرىسىدىكى نەھرىۋان دەرياسى بويىدا بولغان بولۇپ، نەھرىۋان ئۇرۇشىدىن بۇرۇن بىرنەچچە چوڭ ساھابە كىراملارنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالغان بىر قىسىم خاۋارىجلار تەۋبە قىلغان ھالدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، كۆپىنچىلىرى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، كاپىر خەلىپىگە ئىتائەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولىدۇ، دېگەندەك سەپسەتىلەر ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن كۇفە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىچكى جەھەتتىن تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرغان بارلىق مۇسۇلمانلارنى پۇرسەت تاپسىلا قىرغىن قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ھەتتا ھەددىدىن ئاشقان ھالدا نەھرىۋان ۋالىيسى خەبباب ئىبنى ئەرەتنىمۇ ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەھرىۋانغا تۇيۇقسىز لەشكەر تارتىپ بىرىپ پۈتۈن خاۋارىجلارنى تەۋبە قىلىشقا ۋە ئۆز سېپىگە قوشۇلۇشقا چاقىرىدۇ.

---

[1] پىرەق مۇئاسىرە / مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتۇر غالىب ئەلى ئەۋاجى

[2] پىرەق مۇئاسىرە / مەدىنە ئىسلام ئۇنۇۋەستىسى = دوكتۇر غالىب ئەلى ئەۋاجى

مەزكۇر چاقىرىققا ئاساسەن تۆت مىڭغا يېقىن خاۋارىج راست ۋە يا يالغان ھالەتتە تەۋبە قىلىپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سېپىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، قالغان تۆت مىڭغا يېقىن خاۋارىج يەنىلا ئۆز پىكىرلىرىدە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر رىۋايەتتە توققۇز كىشى ۋە يەنە بىر رىۋايەتتە قىرىق كىشى قېچىپ قۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار يالغاندىن تەۋبە قىلغان خاۋارىجلار بىلەن ئەتراپتىكى خاۋارىجلىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇچىلارنى يىغىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى سەككىز قېتىم ئىسيان قوزغىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە خاۋارىجلار مەغلۇب بولىدۇ.

خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئەمەۋى خەلىپەلىرىگە ۋە ھەتتا ئابباسىي خەلىپەلىرىگىمۇ قارشى قوراللىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، زامانىمىزغىچە پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىگە زىيان سېلىپ كېلىۋاتقانلىقى يەنە بىر ئاچچىق ھەقىقەتتۇر.

ھىجرىيە 64-يىلى نافىئ ئىبنى ئەلئەزرەق ئىسىملىك چوڭ خاۋارىجنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەزارىقە ئېقىمىنى پەيدا قىلغانغا قەدەر، پۈتۈن خاۋارىجلار ھەم پىكىر ۋە ئوخشاش بىر ئەقىدە-ئېتىقادتا بولغان بولسىمۇ، ئەزارىقە ئېقىمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن خاۋارىجلار ئىچىدە پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ ۋە زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن ئوتتۇزدىن ئارتۇق خاۋارىج ئېقىملىرى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار ھالىتىدە تارىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەزھەپ، مۇرەسسە كېلىشىمى تۈزگۈچى ھەيئەتكە قوپاللىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مەشھۇر بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى يەھيا ئىبنى ئەبازىيەگە ئەگەشكەن «ئەبازىيەلەر» بولۇپ، ئۇلار «ھەپسىيە»، «يەزىدىيە»، «ھارسىيە» ۋە «ئىتائەتچىلەر» قاتارلىق بىرنەچچە كىچىك ئېقىملارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ماراكەش، ئالجىرىيە، زەنجىبار، ئومان ۋە يەمەن قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى رايونلىرىدا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ھاكىمىيەت تىكلىگەن ۋە يا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانلىقى ئۈچۈن «ئەبازىيەلەر»نىڭ قالدۇقلىرى مەزكۇر رايونلاردا كۆپ تېپىلىدۇ.[1] ئەينى ۋاقىتتا خاۋارىجلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار مۇئمىنلەر ھېسابلاپ، ئۆزلىرىدىن باشقا پۈتۈن ئېقىملارنى «كاپىرلىققا» ھۆكۈم قىلىدىغان ئېقىملارنى ھەر يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى خەلىپە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 40-يىلى (661-مىلادىيە) ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم دېگەن خاۋارىجنىڭ قولىدا شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىسقا مۇددەت خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن تەخت ئۈچۈن مۇسۇلمان قېنى ئاققۇزماسلىق ۋە ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە بىرلىكنى ساقلاپ قىلىش يۈزىسىدىن تەختنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيانغا ئۆتكۈنۈپ بېرىش بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا چوڭ بىرلىك تۇرغۇزۇش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى ھەققىدە «مېنىڭ بۇ ئوغلۇم سەييىد، ئاللاھ بۇ ئوغلۇم ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن دېگەن» سۆزىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى شۇنچە كۆپ پىداكارلىق كۆرسەتكەن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئاشۇ پىتنىخورلارنىڭ ھىيلە مىكىرى نەتىجىسىدە ھىجرىيە 49- يىلى زەھەرلىنىپ شېھىت قىلىنىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 40-يىلى مەزكۇر چوڭ بىرلىك نەتىجىسىدە خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغان مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفياننىڭ خەلىپىلىكى 19 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمگە خىلاپ ھالدا، ئۇنىڭ ئوغلى يەزىدنىڭ تەخت ۋارىسى سۈپىتىدە تەختكە چىقىرىلىشى ئىسلام دۇنياسىدا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى

---

[1] ئىسلام قىسسىلىرى تور بېكىتى / دوكتۇر راغىب سەرجانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

سۈيىدىغانلىقنى باھانە قىلىدىغان گۇرۇپپىلار خىلاپەتنىڭ يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەدىن ئېلىنىپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك ئوغلى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، تەرەپ-تەرەپتە ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. تەختنىڭ قولىدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن يەزىد، ھىجرىيىنىڭ 61-يىلى (680-مىلادىيە) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى بولغان ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ شامغا چاقىرىدۇ ۋە ئىراقنىڭ كەربالا چۆللىرىگە كەلگىنىدە نارەسىدە بالىلىرى، ئائىلىسى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ جەمئىي 40 كىشىنى بىرلا ۋاقىتتا ۋەھشىلەرچە شېھىت قىلدۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ ئېچىنىشلىق قانلىق ۋەقە شىئە ئېقىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 14 ئەسىردىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ قانلىق ئۇرۇشلار ۋە ھەرخىل كىرىزىسلارغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە. زامانىمىزدىكى ئىراق، سۈرىيە، لىۋان، يەمەن ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شىئە-سۈننىي دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ئەنە شۇ چوڭ پىتنىلەرنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ شۇنچە كۆپ قان ئاققۇزۇش بەدىلىگە ئېرىشكەن خەلىپىلىك تەختى ئۇنىڭغا پەقەتلا تۆت يىل ۋاپا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختتە ئولتۇرۇۋالغان ئوغلى مۇئاۋىيە ئىبنى يەزىدنىڭ خەلىپىلىكمۇ ئاران ئۈچ ئاي ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىكى تۈپەيلى خەلىپە سۈپىتىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىغا بىر قېتىممۇ چىقالماي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

شىئە دېگەن سۆز ياردەمچى، ئەگەشكۈچى دېگەن ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشكۈچى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىئە دەپ ئاتىلىدۇ. شىئەلىك دېگەن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن، ئەقلىي دەلىللەرگە تايانغان ھالدا يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان بىر ئېقىم بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ كۆپ پىتنىلەر ۋە ئىختىلاپلار شىئەلەر ئىچىدە تېپىلىدۇ. بۇ ئېقىم ئىچىگە خالىغان كىشى ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆز قاراشلىرىنى، كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى دىنى ئەھكام سۈپىتىدە كىرگۈزەلەيدۇ. بەزىلەر ئەھلى بەيتنى ۋە ئىماملارنى ھۆرمەتلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بەزىلىرى مۆتىدىللىككە چاقىرىدۇ، بەزىلىرى ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىر ۋەكىلى بولىدۇ، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەكىلى ئەلى ئەلەيھىسسالام ئىدى دېسە، يەنە بەزىلىرى جىبرىئىلنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن پەيغەمبەرلىك ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا كېلىدىغاننىڭ ئورنىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ قالغان دەيدۇ. بەزىلىرى ئۇنى پەيغەمبەرلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن شېرىك ئىدى دېسە، يەنە بەزىلىرى ئۇنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. شىئەلەر 70 تىن كۆپرەك پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىمى شەھرىستانى شىئە مەزھىپىنىڭ 12 ئىمام، زەيدىيە، ئىسمائىلىيە، دۇرۇزىيە ۋە ئەلەۋىيە دەپ 5 چوڭ ئېقىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى، قالغانلىرى بولسا ئۇلارنىڭ شاخچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ.

### شىئەلەرنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1- 12 ئىمامغا ئېتىقاد قىلغۇچى شىئەلەر «ئىماماچىلار» ۋە «جەئفەرىيەلەر» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆزىدىن كېيىن تۆۋەندىكى 12 ئىمامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىماملار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئىمام ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى، ھەسەننىڭ ئوغلى ئەلى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلباقىر، جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىق، مۇسا ئىبنى جەئفەر ئەلكازىم، ئەلى ئىبنى مۇسا ئەلرىزا، مۇھەممەد ئەلى ئەلجەۋاد، ئەلى ئىبنى

مۇھەممەد ئەلھادى، ھەسەن ئىبنى ئەلى ئەلئەسكەر، مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئەلمەھدى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئاخىرقى ئىمام «ئەلمەھدى» كىچىك ۋاقتىدىلا ئىراقنىڭ سامەررا شەھرىدىكى بىر تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنچە تېخىچە چىقمىدى، ئەمما يېقىندا «ئىمام ئەلمەھدى» سۈپىتىدە چىقىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

2 ـ زەيدىيەلەر ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، شىئەلەرنىڭ 5 ـ ئىمامى زەيد ئىبنى زەينۇل ئابىدىننىڭ ئەمەۋىلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن «زەيدىيەلەر» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلار ئەھلى سۈننىي ۋەلجامائەگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ھېچبىر ساھابىنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان قاتارلىق 3 خەلىپىنىڭ خەلىپىلىكىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ.

3 ـ ئىسمائىلىيەلەر ئىمامچىلاردىن قالسا ئەڭ كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بىر پىرقە بولۇپ، بىر قىسىم شىئەلەر ئۆزلىرىنىڭ 6 ـ ئىمامى جەئفەر سادىقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىماملىق ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇبارەككە قالىدۇ دېسە، يەنە بەزىلىرى ئىسمائىل دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىماملىق ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى مۇسا ئەلكازىمغا قالىدۇ، دەپ ئىختىلاپلىشىش ئارقىلىق ئىسمائىلىيە مەزھىبى بارلىققا كېلىدۇ.

4 ـ «ئەلەۋىيەلەر» تۈركىيەدە ياشايدىغان ئەلەۋىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چوقۇنىدۇ، قىيامەت، جەننەت، دوزاخنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ناماز، روزا ۋە ھەجنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار ھىندىي دىنىدىكىلەرگە ئوخشاش «بىر ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ روھي يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق سۈپىتىدە قايتىدىن دۇنياغا كېلىدۇ (روھلار ئالمىشىپ تۇرىدۇ)» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىبادەت شەكىللىرى بولۇپ، مەزكۇر ئىبادەتخانىلار «جەم ئۆيلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

5 ـ «نۇسەيرىيىيەلەر» سۈرىيەنى مەركەز قىلغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلنۇسەيرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، فرانسىيە سۈرىيەنى مۇستەملىكە قىلغان ۋاقىتلاردا فرانسۇزلار بۇ پىرقىنى «ئەلەۋىيلەر» دەپ ئاتىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم مەخپىي ۋە تۆتىنچى قېتىمدا ئاشكارا ھالدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە تەيىنلىگەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. ئۇلار ئەقىدە ـ ئېتىقادنى يوشۇرۇش ئىماننىڭ كامىللىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، دەپ قارايدۇ.

6 ـ يەھۇدىيلىكتىن يېنىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان ۋە شىئە مەزھىپىگە ئاساس سالغان ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ دېگەن مۇناپىققا ئەگەشكەن شىئەلەر «سەبەئىيەلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەھلى بەيت ھەققىدىكى چېكىدىن ئاشۇرىۋاتقان خۇراپاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن بىرگە، يۇرتمۇ ـ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ پىتنە ـ پاسات تارقىتىش ئارقىلىق ئىسلام تارىخىدىكى شۇنچە كۆپ چوڭ پىتنىلەرگە سەۋەب بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەھۇدىيلىقتىكى بارلىق خۇراپىي ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشلارنى شىئەلەر ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان.

7 ـ «كىسانىيەلەر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك تەختىنى مۇئاۋىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققانلار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەۋلە بىنتى جەئفەر ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەنەفىيەنى خەلىفە دەپ ئېلان قىلىدۇ. كىسانى دېگەن ئىسىم ئىبنى ھەنەفىينىڭ شاگىرتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى «كىسانىيەلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

8 ـ «مۇختارىيەلەر» مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئەلسەقەفىگە ئەگەشكەنلەر بولۇپ، بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىبنى ھەنەفىينىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ.

9 ـ «رافىزەلەر» ساھابە كىراملارنىڭ كۆپىنچىسىنى رەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن «رافىزە» يەنى رەت قىلغۇچىلار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئەمەۋىلەر ۋە ھەتتا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىمۇ رەت قىلىدۇ. ئۇلار ئىمامسىز قوراللىق ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى ياغاچلار بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار «ياغاچچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

10 ـ «دۇرۇزىلەر» گەرچە فاتىمىيەلەر ھاكىمىيىتى جەريانىدا شىئەلەرنىڭ ھاكىمى ئەمرۇللا ئەلفاتىمىيەگە ئەگەشكەن شىئە ئېقىمىغا تەۋە كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دىنلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىشىدۇ.

## شىئەلەرنىڭ بىر قىسىم غەلىتە ئېتىقادلىرى:

1 ـ شىئەلەر پۈتۈن ئىماملارنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاك ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئارىلىشىپ قىلىش ئېھتىمالى بار، ئەمما ئىماملارنىڭ يوق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

2 ـ بىر قىسىم شىئەلەر ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان، ئائىشە، ھەفسە قاتارلىق كاتتا ساھابىلەرنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا تىل تەگكۈزىدۇ.

3 ـ شىئەلەر ئەقىدە ـ ئېتىقادنى يوشۇرۇش ئىماننىڭ كامىللىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، كۆڭلىدە باشقا بىرنەرسە ئويلاپ تۇرۇپ، ئاغزىدا ئۇنىڭ تەتۈرسىنى سۆزلەشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

4 ـ شىئەلەر ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى دۇرۇس دەپلا توختىماستىن، بەلكى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ.

5 ـ شىئەلەر ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىغا ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىچاقلار بىلەن ئۇرۇپ بەدەنلىرىدىن قان ئاققۇزىدۇ.

6 ـ شىئەلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالادىن ئەسلى نازىل بولغان چېغىدا 7000 ئايەت ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە ساھابىلەرنىڭ ئەلى ھەققىدە كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى يوق قىلىۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ھازىرقى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى 6263 ئايەتكە قالغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شىئەلەر قۇرئاننى كامىل يادلاشقا ئەھمىيەت بەرمەي، قۇرئاننىڭ ئەھلى بەيت قولىدىكى ئاتالمىش ئەسلى نۇسخىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلايدۇ.

7 ـ شىئەلەر، ئەھلى بەيتتىن باشقىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان پۈتۈن ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ. (ئەھلى بەيت پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر دېگەنلىكتۇر).

8 ـ شىئەلەر ئىسلامدا ئىمامسىز جىھاد بولمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىسلامىي جىھادلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ.

9 ـ بەزى شىئەلەر ئىمام بولمىغان ئۈچۈن جۈمە نامىزى ئوقۇش ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ.

10 ـ شىئەلەر ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى پەيغەمبىرىمىز خەلىپىلىكنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان كۈن ئىدى، دېگەن ئېتىقاد بىلەن بايرام ئۆتكۈزىدۇ.

دېمەك: شىئەلەر روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى بولۇپ، يىلدا جەمئى 3 قېتىم بايرام ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سايلاپ قويغان خەلىفە دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ داۋانى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇ ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئەگەر مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا خەلىپىلىككە تەيىنلىگەن بولسا ئىدى، مەن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا بەيئەت قىلمىغان بولاتتىم، دېگەن.

11 ـ شىئەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ئۇلارنى مەسچىتلەرگە ئېسىشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

12 ـ شىئەلەر تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇماي يالاڭ ئاياق پۇتنىڭ ئۈستىگە مەسھە قىلىدۇ.

13 ـ شىئەلەر پىشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى، ناماز شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇيدۇ.

14 ـ شىئەلەر ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغان كەربالا دېگەن جاينىڭ توپىسىنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن، ناماز ئوقۇغاندا شۇ توپىنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىش كېرەك، دېگەن ئېتىقاد بىلەن مەزكۇر كەربالا توپىسى بىلەن ياساپ پىشۇرۇلغان خىشنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىدۇ.

15 ـ بەزى شىئەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى ۋە يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىشىدۇ.

16 ـ يەنە بەزى شىئەلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ تىرىلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

17 ـ شىئەلەرنىڭ پېشۋالىرى ئىسلام دىنىنىڭ 5 ئاساسىنىڭ بىرى بولغان زاكات پەرزىنى يوق قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مال دۇنيانىڭ بەشتىن بىرىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ بەشتىن بىرىنىمۇ تۆۋەندىكىدەك 6 ھەسسىگە بۆلىدۇ: 1 ـ ئاللاھنىڭ ھەققى، 2 ـ پەيغەمبەرنىڭ ھەققى، 3 ـ ئىماملارنىڭ ھەققى، 4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولغان يېتىم يېسىرلارنىڭ ھەققى، 5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن پېقىرلارنىڭ ھەققى، 6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققى.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ھەرخىل پىتنىلەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن بىر تەرەپتىن تەخت ماجىراسى، ئىمامەت (دۆلەت رەئىسى كىم بولۇش) مەسىلىسى ۋە باشقا ھەرخىل سىياسى سەۋەبلەر تۈپەيلى خاۋارىجلار ۋە شىئەلەرگە ئوخشاش ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىقىپ پەقەتلا دىنى مەسىلىلەردە ئەمەس بەلكى سىياسى، ئىجتىمائىي، ھەتتا پىكرىي مەيدانلاردىمۇ كۆپلىگەن قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىگە كۆپ زىيان سالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي ئەقىدە مەسىلىلىرىدىكى ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقۇچى «مۇشەببىھەچىلەر»، دىنى ھۆكۈملەردە ئەقىلگە تايانغۇچى «مۇئتەزىلىلەر»، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ دېگۈچى «قەدەرچىلەر»، ئىنسان پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قەدەرنىڭ قولى دەيدىغان «جەبىرىچىلەر»، ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى كاپىر دېگۈچى «ئەھلى تەكپىر»، بىر قېتىم ئىمان ئېيتقان بىر مۇسۇلمان ھەرقانچە كۆپ گۇناھ مەئسىيەت ئىشلىسىمۇ كاپىر بولمايدۇ، دەيدىغان «مۇرجىئەچىلەر» ۋە ئۇندىن باشقا نۇرغۇن پىكرىي ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، كېيىنكى سانلاردا بۇلار ھەققىدە تەپسىلى توختىلىمىز ئىنشائاللاھ....

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:

پىرەق مۇئاسىرە / مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى. دوكتۇر غالىب ئەلى ئەۋاجى
ئەلپىتەن / ئەبۇ ئابدۇللاھ نەئىم ھاماد بىن مۇئاۋىيە ئەلمىرۋەزى
ئەلمىلەل ۋەننىھەل / ئەبۇلفەتھ ئابدۇلكېرىم ئەلشەھرىستانى
شىئەلەر ۋە شىئەلىك / پاكىستانلىق يازغۇچى ئېھسان ئىلاھىي
دىراسەتۇل پىتەن / ئابدۇل رەئۇف جىبىر ئەلقىتەتى غەززە ئۇنىۋېرسىتېتى (پەلەستىن)
ئىسلام قىسسىلىرى تور بېكىتى / راغىب سەرجانى
ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنى قوغداش تور بېكىتى
ئىسلام ۋېب تور بېكىتى
سەھابە كىراملارنى مۇداپىئە قىلىش تور بېكىتى
ئەھلى بەيتنى مۇداپىئە قىلىش تور بېكىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۈچ ئەۋلاد سوت ئالدىدا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئىتالىيە مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى ئالدىدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غۇرۇر بىلەن تىك تۇرغان ئۈچ گۇماندارغا ئىنچىكىلەپ قارىدى. ئۇلار: بىرى بوۋاي، بىرى ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى، بىرى ئۆمرىنىڭ باھارىدىكى بىر ياش يىگىت ئىدى. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇلار بىر ئائىلىدىن ئىدى. يەنى بوۋاي، ئوغلى ۋە نەۋرىسى.

بۇلار ناھايىتى يىراق يەردىن، مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقتىن ـ تۈركىيەدىن لىۋىيەنىڭ بىنغازى رايونىغا كەلگەن ئىدى. ئۇلارنى بۇنچىلىك يىراق يوللارنى بېسىپ لىۋىيەگە كېلىشكە نېمە سەۋەب بولغان؟! باش سوتچى ئۇلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلەتتى... ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسە مۇسۇلمانلار مۇقەددەس بىلىدىغان جىھاد ئىدى. ئۇلار لىۋىيەدە ۋەتىنىنى بېسىۋالغان ئىشغالىيەتچى ئىتالىيەگە قارشى جىھاد قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىش ۋە بىرگە جىھاد قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

بوۋاي پېنسىيەگە چىققان گېنېرال مۇھەممەد پاشا، ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بوۋاينىڭ ئوغلى ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئەسكىرى پولكوۋنىك ئەھمەد ئالائىددىن، ياش يىگىت ئەھمەد ئالائىددىننىڭ ئوغلى، بوۋاينىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد... چوڭ دادا، دادا ۋە نەۋرىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مۇجاھىدنىڭ ھېكايىسى مۇنداق:

ئىتالىيە غەربىي ترابلۇس بىلەن بىنغازىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئوسمانىيە خەلىپىلىكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، 1909 ـ يىلى بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىسى سۇلتان ئىككىنچى ئابدۇل ھەمىدنى تەختتىن چۈشۈرگەن ۋاقىت ئىدى. 1911 ـ يىلى ئىتالىيە تۇيۇقسىز لىۋىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا كۈچى يەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ لىۋىيەلىك قېرىنداشلىرىغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىش ئۈچۈن بەزى مۇجاھىدلارنى ئەۋەتمەكچى بولدى. مانا مۇشۇ ئۈچ كىشى ئىككىلەنمەستىن، لىۋىيەگە بېرىشقا ئۆزىنى تىزىملاتقان ۋە لىۋىيەگە بارىدىغان مۇجاھىدلار گۇرۇپپىسىغا قوشۇلغان ئىدى. بۇ مۇجاھىدلار «پىدائىي ئوفىتسېرلار» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ پىدائىيلار ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقى، سانىنىڭ ئازلىقى، يولنىڭ يىراقلىقى، ئوزۇقلىرىنىڭ كەملىكى ۋە ئىلغار قوراللىرىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي جىھادقا

ئاتلاندى. ئۇلار مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن لىۋىيەگە يوشۇرۇن كىرىپ، ئۇ يەردىكى قەبىلە باشلىقلىرى، يۇرت چوڭلىرى ۋە بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ باللىرى بىلەن ياشلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئۆگەتتى. بۇ مۇجاھىدلارنىڭ قولىدا ئېغىر تىپتىكى قوراللار، داپولار، تانكىلار، پىلىمۇتلار يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى پەقەت بىر نەچچە كونا مىلتىقتىن ئىبارەت ئىدى. تۈرك ئوفىتسېرلار ۋە لىۋىيەلىك قەبىلىلەردىن توپلانغان كىشىلەر ئازغىنە كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىن ئېغىر تىپتىكى ئەسلىھەلەر، ئىلغار تانكىلار ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بىلەن قوراللانغان، سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە ئۆزلىرىدىن يۈزلەرچە ھەسسە كۆپ بولغان ئىتالىيە ئىشغالچى قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. مۇجاھىدلار دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قاچقان ۋە ئۆلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللارغىلا تاييىناتتى.

ھۇجۇملارنىڭ بىرىدە مۇجاھىدلار دۈشمەننى قاتتىق زىيانغا ئۇچراتقان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن قوشۇنى ئىتالىيەدىن ياردەمگە كەلگەن يېڭى قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ مۇجاھىدلارنى قورشىۋالغان ۋە نەتىجىدە بىر نەچچە مۇجاھىد ئەسىر چۈشكەن ئىدى. ئەنە شۇلار بۈگۈن ئىتالىيە ھەربىي سوت مەھكىمىسىدە سوتلىنىۋاتىدۇ.

بۇ كىشىلەرنىڭ قوللىرى ئارغامچا بىلەن شۇنداق قاتتىق باغلانغان بولۇپ، بارماقلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە لىۋىيە خەلقىنىڭ يەرلىك كىيىملىرى بار ئىدى. بېشىدا تۈركلەرنىڭ تەربۇشى (جىيەكسىز قىزىل سوكنا قالپاق) بار ئىدى. باش سوتچىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار سوتقا ئېلىپ كېلىنىشتىن ئاۋۋال ھۆكۈم بېرىلىپ بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشۇۋاتقان ھالدا نەخ مەيداندا ئەسىر ئېلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن مىلتىق دورىسىنىڭ پۇراقلىرى كېلىپ تۇراتتى. لېكىن باش سوتچىنى بىئارام قىلىۋاتقان نەرسە، بىرى ئەنگلىيىلىك، يەنە بىرى فرانسىيەلىك ئىككى مۇخبىرنىڭ مەھكىمىدە بولۇشى ئىدى.

— كىم سىلەر؟ سورىدى، باش سوتچى.

تەرجىمان سوتچىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بولغىچە، ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، ساغلام ئىتالىيەچى سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن پولكوۋنىك ئەھمەد ئالائىددىن، ئوسمانىيە سۇلتانىنىڭ خىزمىتىدىكى ئەسكەر بولىمەن. ماۋۇ كىشى (دادىسىنى كۆرسىتىپ) مېنىڭ دادام پىيىنسىگە چىققان گېنېرال مۇھەممەد پاشا، بۇ (ئوغلىنى كۆرسىتىپ) مېنىڭ ئوغلۇم مۇھەممەد، ئوسمانىيە ئارمىيىسىدە پىدائىي ئەسكەر.

مەھكىمە ئەزالىرى تاڭ قېتىپ قالدى. چەتئەللىك ئىككى مۇخبىرمۇ ھەيرانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. پىيىنسىگە چىققان گېنېرال ئۆز ئوغلىنىڭ قولى ئاستىدا ئىختىيارى ئەسكەر بولۇپ، ئادەتتىكى ئەسكەردەك دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاي، ئوغلى ۋە نەۋرىسى بىرلىكتە ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، يىراق يەرلەردىن كېلىپ، ئۆمىدسىز بىر ئۇرۇشقا قېتىلىدىغان قانداق ئائىلە بۇ!؟

باش سوتچى ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ھالغا كەلگەنلىكىنى، ئالدىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىسيانچى ئەمەس، بەلكى ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ رەسمىي ئەسكىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ئەسكەر بولغانلىقىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— سۆزۈڭنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججىتىڭ بارمۇ؟

— بار، دېگەندىن كېيىن؛ پولكوۋنىك باغلاغلىق قوللىرى بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە كىيىمىنىڭ ئارىسىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ «بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ماڭا بېرىلگەن رەسمىي بۇيرۇق» دېدى.

كاتىپ رەسمىي ھۆججەتنى پولكوۋنىكنىڭ قولىدىن ئېلىپ باش سوتچىغا بەردى. سوتچى قەغەزگە دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. پولكوۋنىك:

— تەرجىمانىڭىز بۇ رەسمىي ھۆججەتنى تەرجىمە قىلىپ بەرسە، ئۇنىڭ ئوسمانىيە خەلىپىلىكى ئۇرۇش ۋەزىرىنىڭ ماڭا چۈشۈرگەن رەسمىي بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، دېدى، تەمكىنلىك بىلەن.

بۇنداق ئەھۋالدا مەھكىمىنىڭ سوتلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى سوتلىنىۋاتقانلار ئىتالىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان ئوغرىلار ئەمەس، بەلكى ئەسكەر ئەسىرلەرنى سوتلاش خەلقئارا قانۇنىي بويىچە سوتلىنىشى لازىم بولغان رەسمىي ئەسكەرلەر ئىدى، لېكىن ئەسكەرلەرنى سوتلاش خەلقئارا قانۇنغا رىئايە قىلىش بۇ مەھكىمىدىن تولىمۇ يىراق ئىدى. چۈنكى مەھكىمە سوت ئېچىشتىن بۇرۇن ھۆكۈم قىلىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن باش سوتچى مەھكۇملارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەن بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇش ئەسىرى دەپ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلار ئەسىر ئېلىنغاندا ئۈستىدە ھەربىي فورما بولماستىن يەرلىكلەرنىڭ كىيىمى بولغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

بۇنىڭغا تۈرك پولكوۋنىك مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن قوماندانلىق قىلغان مۇجاھىدلار ھەربىي فورما كىيمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەنمۇ ئۇلاردەك كىيىنىشنى تاللىدىم، تۈرك ئەسكىرىنىڭ فورمىسىنى كىيمىدىم.

قارىلىغۇچى ئۇلارغا ئارتىلغان جىنايەتنى ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئەينى يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 26-كۈنى ئىتالىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئارقىدىن خائىنلارچە ئۇرۇش ئىدى.

پولكوۋنىك ئەھمەد ئالائىددىن بۇ جىنايەتنى رەت قىلىپ:

— سىلەرنى ئارقاڭلاردىن ئۇرمىدىم، بەلكى سىلەرگە ھۇجۇم قىلدىم، بولغان ئىش مۇشۇ، ھەم بىزنىڭ سانىمىز ئاز ئىدى، دېدى.

— سىلەر ئاز ئەمەس ئىدىڭلار، كۆپلۈك ھالەتتە ھۇجۇم قىلدىڭلار، دېدى، باش سوتچى.

— بىز ئاز ئىدۇق، بىزدە پەقەت 400 دانە مىلتىق بار ئىدى، دېدى، پولكوۋنىك كەسكىن قىلىپ.

— بۇ مىلتىقلار قەيەردە؟ سورىدى، سوتچى.

— بۇ توغرىدا ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ، يېقىندا 350 مىلتىق سىلەرگە ھۇجۇم قىلدۇ. قالغان 50 مىلتىقتىن 15 مىلتىقنى كۆتۈرگەن مۇجاھىد شېھىد بولدى، 35 مۇجاھىد مىلتىقلىرى بىلەن ئەسىر چۈشتى ۋە مەھكىمىڭىز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دېدى.

باش سوتچى: بۇ گۇماندارلار ئىتالىيە ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۆز دۆلىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئاسىيلار، دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇراتتى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئالدىنئالا چىقىرىپ قويغان ھۆكۈم يوللۇق بولاتتى، لېكىن تۈرك پولكوۋنىك ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ:

— بىز ھېچ قاچان سىلەرگە تەۋە بولمىدۇق... مېنىڭ قوماندانلىقىم ئاستىدىكى ئەرەب مۇجاھىدلارمۇ سىلەرگە تەۋە بولغىنى يوق. بىز ئوسمانىيە خەلىپىلىكى پۇقرالىرى، شۇڭلاشقا سىلەرنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايمىز، دېدى.

باش سوتچىنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقى چىرايىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇ سوراقنى قىسقا جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان سوئاللارغا يۆتكەپ:

- بۇ يىل يەنى 1911-يىلى 26-ئۆكتەبىر كۈندىكى ھۇجۇمغا قېتىلدىڭلارمۇ يوق؟ دېدى.

- ئۇ ھۇجۇمنى مەن ئېلىپ بارغان.

- ماۋۇ ئىككىسىمۇ قاتناشتىمۇ؟ دېدى، سوتچى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئوغلىنى كۆرسىتىپ.

- ئەلۋەتتە، ئوغلۇم مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئەسكەر. دادام بولسا ئوسمانىيە گېنېرالى، پىنسىيىگە چىققان، مېنىڭ پىدائىي ئەسكەرلىرىمدىن بىرى.

- ھەممىڭلار ھەربىي فورمىسىز ئۇرۇشتۇڭلارمۇ؟

- ھەئە، بۇنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا بايان قىلدىم.

- تىرابلوسنىڭ يەرلىك پۇقرالىرىدىن بىرەرسىنى قوماندانلىقىڭ ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتناشتۇردۇڭمۇ؟ ئۇلارنى چېنىقتۇردۇڭمۇ؟

- تىرابلوس ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ بىر ۋىلايىتى، تىرابلوس خەلقى ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ پۇقرالىرى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى قوشۇنۇمغا قوشۇپ، چېنىقتۇرۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇردۇم.

- بولدى بەس، دېدى سوتچى. شۇنداق قىلىپ سوت ئاخىرلاشتى. ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئىدى.

مەھكىمىنىڭ كاتىپى ئورنىدىن تۇردى-ئۇ ئىتالىيەنىڭ ناپولى شەھىرىدىن بولۇپ، ئىسمى ئانتونىيو ئاۋانكلى ئىدى-سوت باشلاشتىن بۇرۇن يېزىپ تەييارلاپ قويغان مەھكىمە قارارىنى ئوقۇپ، ئاخىرىدا: «ھازىر چىقىرىلغان ئۆلۈم جازاسى قارارى دېلوغا يېزىلدى، جىنايەتكارلارنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەققى يوق» دېدى.

مەھكىمىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان چەتئەللىك ئىككى مۇخبىرنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «قارار ئېلان قىلىنغاندا، قارىلانغۇچىلارنىڭ يۈزىدىن تەبەسسۇم يوق بولمىدى. ئەكسىچە پولكوۋنىك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

- ياشىسۇن سۇلتان! دېدى. ئەمما دادىسى پىنسىيونىر گېنېرال:

- ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ توۋلىدى. نەۋرە يىگىت بولسا بوۋىسى بىلەن دادىسىغا ھۆرمەت قىلىپ جىم تۇردى.

جاللاتلار بۇلارنى مەھكىمە زالىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئازغىنە مۇددەتتىن كېيىن ئۈچ پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ھۆكۈم تىز سۈرئەتتە ئىجرا قىلىنىپ، ئۇلار مەھكىمە زالىدىن چىقىشى بىلەنلا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

باش سوتچى يۇتقۇنغان ھالدا:

- باشقا گۇمانىدارلارنى ئېلىپ كىرىڭلار! دېدى.»

باش سوتچى قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى، ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان گۇناھسىز مەھكۇملار ئالدىدىن ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، باشلىرىدىكى شەپكىسىنى قولغا ئېلىپ، سالام بەرگەن چەتئەللىك مۇخبىرلاردىن قاچۇرۇپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. مۇخبىرلار شەپكىلىرىنى باشلىرىغا كىيىپ، باش سوتچىغا ئارقىسىنى قىلىپ، مەھكىمىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىقىۋېتىپ مەھكىمىنىڭ بوسۇغىسىغا تۈكۈردى.

(بۇ تارىخىي ھېكايىنى ئىراقتا چىقىدىغان «ئىسلام تەربىيىسى» ژۇرنىلى 2015-يىللىق 11-سانىدىن تەرجىمە قىلدىم. بۇ ھېكايە فىرانسىيەلىك يازغۇچى كىلاۋد فىرارنىڭ «تۈركلەرنىڭ مەنىۋى كۈچى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان ھەقىقىي ۋەقە)

www.uyghurkitap.com

# فاتىھە سۈرىسى ھەققىدە تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە



ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن ئىنسانغا ئەۋەتىلگەن يولىيورۇق بولۇپ، ئىنسانغا نەتىجە قازىنىش يولىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە نەتىجە قازىنىشقا كېپىللىك قىلىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بېكەتلىرى توغرىسىدا ئىنسانغا خەۋەر بېرىدىغان ۋە ئىككى دۇنيانىڭ ئالاقىسىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان يول خەرىتىسىدۇر. شۇنداقلا ئىنسانغا ھايات سەپىرىدە لازىم بولىدىغان مۇھىم سوئاللارغا جاۋاب بېرىدىغان كىتابتۇر.

فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، كامالىي سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى، قىيامەت كۈنى، ئىبادەت ۋە ئىخلاس، ئىبادەتنىڭ كەڭرى ئۇقۇمى، ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىش، توغرا يولنى تونۇغاندىن كېيىن توغرا يولدىن ئايرىلماسلىق، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ياخشىلارنىڭ يولى ۋە ئىش- ئىزلىرى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ قارشى تۇرغانلار ۋە ھىدايەتنى تاپالماي ئېزىپ كەتكەن ئازغۇن ئېقىملار قاتارلىقلار توغرىسىدا توختالغان.

يەتتە ئايەتلىك فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم» نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ئىبادەت بولغان نامازلاردا تەكرار ئوقۇلىدۇ. فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر قانچە نىشانى ۋە ئاچقۇچى بار بولۇپ، تۆۋەندە بۇ نىشان ۋە ئاچقۇچلار توغرىسىدا بىر ئاز پىكىر ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## 1. «بىسمىللاھ» ۋە مەۋجۇدىيەت سوئالى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»[1]

قايسى بىر ئىنسانىي جەمئىيەت دىن، تىل ۋە تۈرلۈك ھۈنەر ـ سانائەتتىن خالىي بولغان ئەمەس. بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئورتاق ئامىللاردۇر. ئىنسان ئۆزى ۋە مەۋجۇدىيەت ھەققىدە ئويلىنىدىغان بىردىنبىر مەخلۇق. ئىنسان ھاياتلىق، ئۆلۈم ۋە ئەتراپىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىلگۈسى كېلىدىغان ۋە ھېس قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان مەخلۇق. ئىنسان پەقەتلا يەپ ـ ئىچىش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدىغان مەخلۇق بولۇپ، يارىتىلىش غايىسى توغرىسىدا ئويلىنىدۇ. ھەتتا ئاتېئىزمچى ئىنسانمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش سىرىنى بىلگۈسى كېلىدۇ.

ئەقىللىق سەزگۈر ئىنسان كائىنات بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ مەۋجۇدىيەت نەدىن كەلدى؟ قەيەرگە بارىدۇ؟ يوقىلامدۇ ياكى يېڭىلىنامدۇ؟

[1] سۈرە فاتىھە 1 ـ ئايەت

دېگەن سوئاللارنى بىلگۈسى كېلىدۇ. ئۆزى توغرىسىدا: نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ قەيەرگە كېتىپ بارىمەن؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادا يارىتىلىشىمنىڭ مەنىسى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ مەۋجۇدىيەت ئۆزىنى ئۆزى يارىتىۋالدىمۇ ياكى بىر ياراتقۇچى ياراتتىمۇ؟ بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش ئەقىل ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن نۇرغۇن سوئاللارنى سورايدۇ. فاتىھە سۈرىسى دەل بۇ سوئاللارغا ئەتراپلىق جاۋاب بېرىدۇ.

بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا «بىسمىللاھ» دېگەن ئايەتتىن تېز ئۆتۈپ كېتىمىز. بىراق بىز بۇ ئايەتنىڭ چوڭقۇر مەنىسىگە چۆكىدىغان بولساق، ھايات نەزەرىيىسى توغرىسىدا يەنى كائىناتنىڭ چوڭقۇر كۆز قارىشى ھەققىدە توختىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ ئايەت كائىناتنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە توختالماقتا. بۇ ئايەتنى ئېتىراپ قىلىش ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. شۇنداقلا بۇ كائىناتنى پەيدا قىلغان مېھرىبان بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. «بىسمىللاھ» دېيىش ياراتقۇچى زات بىلەن مەخلۇقاتلار ئارىسىدا تەبىئىي ئالاقىنى شەكىللەندۇرۇپ بېرىدۇ.

«بىسمىللاھ» دېگەن ئايەت فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر ئايىتى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىي ۋە كائىناتقا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك كۆز قارىشىدۇر. ئۇ، ئىسلامنىڭ مەرىپەت نەزەرىيىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى. چۈنكى مۇسۇلمان كائىناتنى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇق ھەقىقىتى ۋە مېھرىبانلىق كۆرۈنۈشى ئىچىدە چۈشىنىدۇ. تەبىئەتتىن كائىناتنىڭ سىرلىرىنى چۈشەنگەن مۇسۇلمان: «ياراتقۇچى ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكتۇر» دەيدۇ. ئاتېئىزمچىلار بولسا كائىنات سىرلىرىنى بايقىغانلىرىدا: «بۇ نېمىدېگەن چوڭ تاسادىپىيلىق ھە!» دەيدۇ. مۇسۇلماننىڭ غايىسى ئېنىق، دىنسىزنىڭ غايىسى ئېنىق ئەمەس. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى، ئەخلاقى ۋە ئىستىلىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان چوڭ تاللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان پىكىر ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئىلگىرى بىلمىگەن نۇرغۇن سىرلارنى بىلىپ يېتىدۇ. كائىنات، ھايات ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرى ۋە مەخلۇقلىرىغا مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېيىش تاسادىپىيلىق نەزەرىيىسىگە كەسكىن رەددىيەدىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئاللاھ كائىناتنى يارىتىپ قويۇپ كارى بولماي تاشلىۋەتكەن، دەپ قارايدىغان نەزەرىيەنىڭمۇ قارىمۇ ـ قارشىسىدۇر.

«مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن ئايەت ياراتقۇچىنى كەڭرى رەھمەتلىكى ۋە بارلىق مەخلۇقلارغا ئۆلچەپ تۇرىدىغان مېھرىبانلىقىغا باغلىغاندا، بىزگە بىلىم ـ مەرىپەت ۋە ھاياتلىقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىغا نەزەر تاشلاش روھىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەبىئەتتىكى يارىتىلىشنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىش توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەرىپەتكە ۋاستە بولىدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.»[1]

## 2. مېھرىبانلىقنى مەركەز قىلغان كائىنات چۈشەنچىسى:

«جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر»[2]

«جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر» دېگەن ئايەت كائىنات چۈشەنچىسى بولۇپ، بۇ چۈشەنچىنىڭ مەركىزى مېھرىبانلىقتۇر، ئۇنىڭ ۋىجدان ۋە ئىستىلغا تەسىرى بار.

«بىسمىللاھ» دېگەن ئايەت ياراتقۇچى زات بىلەن مەخلۇق ئارىسىدىكى ئالاقىنى شەكىللەندۇرىدۇ، بۇ ئالاقىنىڭ تېمىسى كەڭرى مېھرىبانلىق ۋە ئۈزۈلمەيدىغان كۆيۈنۈشتۇر. دىنىمىزنىڭ غايىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە

1 فاتىر سۈرىسى، 28 ـ ئايەت
2 سۈرە فاتىھە 2، ـ 3 ـ ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com

مېھرىبانلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈشتۇر، پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارمۇ ئىنسانىيەت ۋە مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

«ئاللاھ پۈتۈن ئالەم ۋە بارلىق مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگەن ئايەتتە ئاللاھ ئۆزىنى بىزگە تونۇشتۇرماقتا. ئاللاھ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ شۇنداق مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك زاتتۇر.

بىز ئىنسان ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىنى ۋە كۆيۈندىغانلىقىنى چۈشەنسەك، دىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى يۈزلەنگەن خاتا چۈشەنچىلەردىن تازىلىغان بولىمىز. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇ زاتنىڭ ئالەم ئۈچۈن مېھرىبانلىقى تەرەققىي قىلغان ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. مېھرىبانلىق بولماي مەدەنىيەت ھاسىل بولمايدۇ. كىمنىڭ مەخلۇقلارغا كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىش بىلەن ئىچى سىقىلىدىكەن مېھرىبانلىق بىلەن قوغدىلىۋاتقان دۇنيانى يېتەكلەشكە سالاھىيتى توشمايدۇ. ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا قارىتا مېھرىبانلىق چۈشەنچىسىنى ۋە ماھىيىتىنى ئەزالىرىنىڭ ئېڭى ۋە قىلمىشلىرىدا ئۆزلەشتۈرەلىگەن ئۇممەت ئىنسانىيەتنى يېتەكلەشكە سالاھىيتى توشقان بولىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»[1] ئەۋزەللىك قۇرۇق دەۋا بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، بەلكى «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىش، قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە قۇرئان كۆرسەتمىسى ئاساسىدىكى ئىستىل بىلەن رېئاللىققا ئاشىدۇ. مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ چۈشەنچىگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز؟ ئىدىيە، تەپەككۇر دائىرىمىزگە قاراپ چىقايلى ۋە بۇ چۈشەنچىنى خاتا ئۇقۇملاردىن تازىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

رەھىمدىللىك ۋە مېھرىبانلىق قىممەت - قاراش بولۇپ، ئاشكارا جانلىق ئىستىل شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئەمەلىي ھاياتتا پرىنسىپقا ئايلانمىغان قىممەت - قاراشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئىستىلغا ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتكە ئايلانمىغان پرىنسىپنىڭمۇ مەنىسى بولمايدۇ.

رەھىمدىللىك ۋە مېھرىبانلىق دىنىنىڭ ئىنسانى ئىسلاھ قىلىشتىكى رولىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەقىقى ئۆلچەم. چۈنكى ئۇ بۇزغۇنچىلىق، قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توختىتىشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىنسانى يېتىلدۈرۈش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. بۈگۈنكى مەدەنىيەت ھەر قايسى ساھەلەردە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، مېھرىبانلىقتا نەمۇنە خاراكتېرلىك ئىنسانى يېتىلدۈرۈشتىن ئاجىز كەلمەكتە.

## 3. قىيامەت كۈنى ۋە ئىنساننىڭ ئىستىلىنى قائىدىگە سېلىش:

«قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر»[2]

قىيامەت كۈنى ئۇقۇمى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پائالىيەتچان بولۇش ئۇقۇمىدىن ئىبارەت. يەنى ئىنسان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى، ئىشلارنى ئۆلچەملىك پۇختا قىلىشى، ئىش - ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشى ۋە باشقىلار قەيەرگە باشلىسا كېتىۋېرىدىغان قويغا ئوخشاپ قالماستىن ئىش - ھەرىكەتلىرىدە مۇستەقىللىقىنى ھېس قىلىشى قىيامەت كۈنى ئۇقۇمىغا چېتىشلىقتۇر.

قىيامەت كۈنى ئىنسان ھاياتىدىكى سەپەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھېساب - كىتاب قىلىدىغان كۈن. ئۇ، بۇ دۇنيادا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئادالەتكە ئېرىشىدىغان ۋە ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىدىغان كۈندۇر.

مۇسۇلماننىڭ ئەقلى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق

[1] سۈرە ئەنبىيا 107 - ئايەت

[2] سۈرە فاتىھە 4 - ئايەت

باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بەزىدە كەمبەغەللىك، زۇلۇم، نادانلىق، كېسەل ۋە ئۇرۇشلار ئۇنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مانا مۇشۇ يەردە ھېساب ـ كىتاب قىلىدىغان قىيامەت كۈنى ئەقىدىسى ئىنسان كۆڭلىدە ئادالەت ئۇقۇمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن مۇھىم شەرتتۇر.

قىيامەت كۈنى ئادالەت ۋە مەسئۇلىيەت ئۇقۇمى ئۈچۈن بەك زۆرۈر. ئىنساننىڭ بۇ ھاياتلىقتىكى پۈتۈن ھەرىكەتلىرى ھېساب ئالىدىغان خاتىرىگە خاتىرلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھېساب خاتىرىسى ئىنسانغا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەۋزەل پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان ھەر بىر ياخشىلىقنى قىلسا ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ، ھەر بىر خاتالىقنى سادىر قىلسا پەقەتلا بىر خاتالىقنىڭ گۇناھى ۋە جىنايىتى خاتىرىلىنىدۇ. خاتالىقلىرى تەۋبە قىلسا ئۆچۈرۈلىدۇ، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن يامان قىلمىشلىرى ئۆچۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى، ئۇ كۈندىكى ھېساب ـ كىتاب ئىدىيىسى ئىنسان كۆڭلىدە ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى ۋە ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دېگەن ئاڭنى ھاسىل قىلىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئۇقۇمى ئەقلىنى ۋە تەپەككۇرىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرىدىغان چوڭقۇر ئۇقۇم. قۇرئاندىكى بىرىنچى سۈرە بولغان فاتىھە سۈرىسىدە ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئادالىتى، ھېساب ئېلىشتىكى رەھىمدىللىكى، ئىنساننىڭ شەخسى مەسئۇلىيىتى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ئىستىلىنى باشقۇرۇش ئۇقۇملىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمە نۇقتىنى يىلتىزلاشتۇرىدۇ. بىز ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: قىيامەت كۈنى ئۇقۇمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى قانچىلىك چۈشەندۇق؟ ئاللاھ بىلەن، كائىنات بىلەن ۋە ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىمىزدە بۇ ئاڭ يوق بولۇپ قالسا ئەخلاقى جەھەتتىن ھاياتىمىزغا، ئىستىلىمىزغا ۋە ئالاقىمىزغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇنى سوراپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

## 4. «ساڭلا ئىبادەت قىلىمىز»[1]

«ساڭلا ئىبادەت قىلىمىز» ئىبادەت دېگەن ئايەت گۈزەل ھايات بەرپا قىلالايدىغان ۋە يارىتالايدىغان مەقسەتلىك ئىش ـ ھەرىكەتتۇر.

فاتىھە سۈرىسى يۇقىرىدا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ياراتقۇچى ئاللاھ ۋە قىيامەت كۈنى ھەققىدە توختالدى. ئەمدى ئۈچىنچى قىلىپ ئىنسان ۋە مەقسەتلىك ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدە توختالماقتا.

يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان باشقا مىللەتلەر ئىشلارنى پۇختا قىلىپ سانائەت، يېزا ـ ئىگىلىك ۋە ئىنتىزام ئىشلىرىدا ئىجادىيەت ياراتماقتا. بىز بولساق باشقىلارغا گاداي بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز. بۇنىڭ ھالقىلىق سەۋەبى مۇسۇلمان ئىنساننىڭ «قۇرئان كەرىم» گە قارىتا ئاڭ قۇرۇلمىسىغا چېتىشلىقتۇر. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان بولساق، ئىنساننىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىنى ئىبادەت، ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كائىناتنى گۈللەندۈرۈشتۇر. كائىناتنى ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن تولدۇرۇش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش لازىم، مانا بۇ ئىبادەتنىڭ مەنىسى. ئىبادەت دېگەن ئاللاھنى ئەسلەش ۋە پۇختا ئىش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى يۈزلۈك پۇلغا ئوخشايدۇ. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى قۇرۇلمىسىغا قارىساق، ئىبادەت ئۇقۇمى كائىناتنى گۈللەندۈرۈش ئۇقۇمىدىن ئايرىلىپ قالغان.

ئىسلامدىكى ئىبادەت ئۇقۇمى پەقەتلا ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىقلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلار شوئار خاراكتېرلىك ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق بىر قىسمىدۇر. ھايات، يول ۋە ئىستىل شەكىللەندۈرىدىغان نەرسىلەرمۇ ئىبادەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبادەت دېگەن ئومۇمى ئۇقۇمى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا ـ يوشۇرۇن سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ۋە ماماتىم (ھەقىقەت يولىدا ئۆلۈپ كېتىشىممۇ) ئالەملەرنىڭ

[1] سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.»[1] ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىبادەت ئۇقۇمى يوقالغاندا زاۋۇت، يېزا ـ ئېگىلىك، سانائەت، سودا ـ سېتىق، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىدىكى پائالىيەت يوقىلىدۇ ياكى «قۇرئان كەرىم» بۇيرۇغان ئومۇمىي ئۇقۇمى بىلەن ئىبادەتنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتقا ئالاقىدار سانائەتلىرىدىن غايىب بولۇشىنىڭ سەۋەبى «قۇرئان كەرىم»دىكى چوڭ چۈشەنچىلەردىن چەتنەپ كەتكەنلىكتۇر. قۇرئاندىكى بۈيۈك ئۇقۇملارنىڭ بىرى ئىبادەت ئۇقۇمىدۇر. بۇ ئۇقۇمنىڭ ھاياتتىكى دائىرىسىنى خاتا چۈشەنچىلەر تارايتىپ قويغان ھەم قويماقتا. ئىبادەتنى زېمىننى گۈللەندۈرۈش، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق، ناھەقچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۇقۇمىدىن ئايرىپ تاشلىغان. زېمىننى گۈللەندۈرۈش سانائىتىنى باشقا مىللەتلەرگە تاشلاپ بەرگەن.

خىزمەت ئۇقۇمى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردە ئىشلارنى پۇختا قىلىش ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تېمىسىغا ئايلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھايات سانائەتلىرىدە ئۇتۇق قازانغان، بىز بولساق باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقىدا قالدۇق، نەتىجىدە ئۆزىمىزگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغان ياكى دۈشمەنگە زەربە بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. بىز ھاياتلىقتا قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا قاراشتا بولماي ھاياتلىقنى مەنىسىدىن ۋە ئىنسانىي ئىش ـ ھەرىكەتلەردىنمۇ قۇرۇقداپ قويدۇق. چۈنكى ئىبادەت ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىۋالغان مۇسۇلمان سانائەت، يېزا ـ ئېگىلىك ۋە ئىلمىي كەشپىياتلارنى ئىبادەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇم ۋە چۈشەنچىلىرى قاتارىدىن كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان. بولمىسا يۇقىرىقى ئىشلار كائىناتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئىبادەت ئۇقۇمى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىسى بىلەن توغرا چۈشىنىلمىسە مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت تراگېدىيەسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەدىيە، ئاڭ ۋە خىتابلىرىمىزدا ئىبادەت ئۇقۇمى ئەسلىگە كەلمەيدىكەن ئىنسان دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئىرادە ۋە ئۈمىد قىلىۋاتقان تەرەققىيات ۋە خاتىرجەم گۈزەل ھاياتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

ئىبادەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، ئىبادەتتىن پەقەتلا ئىنسان پايدىلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىبادەتكە ئېھتىياجى يوق. ئىنسان تەپەككۇر قىلالايدىغان مەخلۇق بولۇپ، ماددى سەۋەب ـ چارىلەر دۇنياسىدا ئىزدىنىدۇ ۋە ئىجرا قىلالايدۇ، شۇڭا زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنساننىڭ گەدىنىگە چۈشكەن ۋەزىپىدۇر. مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئاجىز ئىنسان ياردەمچى ۋە خاتىرجەم قىلغۇچى ئامىللارغا مۇھتاج بولىدۇ. ۋەزىپىسى بىلەن ئىقتىدارى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ئېتىدىغان ئىمانغا مۇھتاج بولىدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە مەنىۋى ۋە نەپسى ياردەم شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە: «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھدىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھدىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.»[2] دېمەك، ياردەم تىلەش مەقسەتلىك ئىبادەتكە چېتىلىدۇ. ئىبادەت ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ھاياتنى ئىسلاھ قىلىش بولسا، ئومۇمىي ئۇقۇمى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا ھاياتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئىنتىزامغا سالىدۇ. شۇڭا ئىنسانغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئېغىر، ئىنسان بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا چوڭ ياردەمگە مۇھتاج. چوڭ ياردەمگە ئېرىشىشتە ئاللاھدىن باشقا كىمدىن ياردەم تىلىگىلى بولسۇن؟!

دېمەك، ئىبادەت دېگەن: مەسچىتنىڭ مېھرابىدا ۋە ھايات كەچۈرۈش كوچىلىرىدا بولىدۇ. ئىبادەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5. «توغرا يول» دېگەن ياخشى

[1] ئەنئام سۈرىسى، 162 ـ ئايەت

[2] بەقەرە سۈرىسى، 45 ـ ئايەت

ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت:

«بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).»[1]

توغرا يول دېگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش يولى دېمەكتۇر. توغرا يول ماڭغۇچىلار بىلەن تونۇلىدۇ، توغرا يولدا ماڭغانلارنى تونۇماي تۇرۇپ ئىنسان ساغلام كومپاسقا ئىگە بولالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» توغرا يولدا ماڭغان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مىسال ۋە كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن. توغرا يولدا ماڭغانلار ئىككى خىل سۈرەت بىلەن كۆرۈنىدۇ.

بىرىنچى: توغرا يولدا ماڭغانلار ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئىبادەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھقا باغلانغانلاردۇر.

ئىككىنچى: زېمىننى ماددىي جەھەتتىن گۈللەندۈرۈشتە ھەسسە قوشقۇچىلار. بۇ تەرەپ بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردا كەم بولۇپ، باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش ۋە پائالىيەتچانلىقى تۆۋەن ئورۇندا تۇرماقتا.

ھىدايەتنىڭ رېئاللىققا چىقىشى ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك ئىش كېرەك:

بىرىنچىسى: توغرا كۆز قاراشنى بىلىش، يەنى بۇ مەسىلىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نېمىنى مەقسەت قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ توغرا كۆز قاراش قايسى؟ دېگەننى بىلىش،

ئىككىنچىسى: كۈچلۈك ئىمان ئاساسىدا مۇشۇ توغرا كۆز قاراشنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەمەل قىلىش.

ئىنسان «بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسىلا» دېگەندە، پەرۋەردىگارىدىن: ئى پەرۋەردىگارىمىز ھايات ئىشلىرىمىزدا بىزگە سىلى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويسىلا، ئاندىن كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلسىلا ۋە ياردەم بەرسىلە، دەپ تىلەيدۇ.

6. مىسال كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى:

«قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشقۇچىلاردىن ئۆرنەك:

ئادەم ۋە ھاۋا ئىنسان تۈرىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەسسە قوشقان.

ھابىل قان تۆكۈشتىن ساقلانغان.

نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە ياسىغان.

زۇلقەرنەيىن توسما سالغان.

داۋۇت ئەلەيھىسسالام قورال ـ ياراق ۋە ھەربىي فورمىلارنى ياسىغان.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سىياسەت تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام زالىملارنىڭ زۇلمى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىدىيەسى تەڭپۇڭ بولغان ۋە ۋەزىپىلىرى تۈرلۈك بولغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەتلىرى خالىس ئىبادەتلەرنى گۈزەل يوسۇندا قىلىشنى، ۋەزىپىسنى ئادا قىلىشنى ۋە قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەقەززا قىلغان.

دېمەك، ئىماننىڭ ئاساسلىرى ۋە پىرىنسىپلىرىنى مۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئارقىلىق ئىنسان خەتەرلىك ئىككى ئىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

بىرىنچى: ساغلاملىقنى بىلىپ تۇرۇپ، كىبىرلىك ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەنلىك سەۋەبىدىن ھەقىقەتكە تانغان ۋە ئىنكار قىلغانلارنىڭ يولى.

ئىككىنچى: ھەقىقەتنى كۆرگەن، بىراق خاتا چۈشىنىپ قالغانلارنىڭ يولى.

فاتىھە سۈرىسىنى چۈشىنىش يولنى قىسقارتىدۇ، دىننى خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن ۋە ئازغۇنلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

[1] فاتىھە سۈرىسى، 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۆلىمالارغا تىل ئۇزاتمايلى!

مەھمۇد مۇھەممەد

بىزدە ئۆلىما ئاتالغۇسى ھەر دېگەندە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىلىپ، ئۆلىما بىلەن دەۋەتچىنىڭ، دەۋەتچى بىلەن گەپچىنىڭ ئارىسى پەرقلەندۈرۈلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغاچقا، نىھايەت بىر تۈركۈم ئۆلىمالىق تونىغا ئورۇنۇۋالغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، دىنىمىزنىڭ ئىلىم بىلەن ئەمەلگە تەك ئەھمىيەت بېرىشتەك ئېسىل تەشەببۇسلىرىنى ئۇنتۇپ، ھەر دېگەندە نەچچە ئون يىل دەۋم يېتىپ، دەۋم قوپۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، دىني خەزمەتكە ئۆزىنى ئاتىغان ۋە ئاۋام ئۇچۇن توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆزىگە ھايات نىشانى قىلغان، راھىتىدىن كۆلپىتى تولا بۇ يولدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىۋاتقان قەدىرلىك ئۆلىمالىرىمىزغا ھېچ ئىككىلەنمەي، بەدىنى تىكەنلەشمەيلا تىل تەگكۈزەلەيدىغان، ھەتتا ئېغىزىنى بۇزۇپ ھاقارەت قىلالايدىغان ھالغا كەلدى. ئۇلاردىكى بۇ ئىنساپسىزلىق ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، جاھاندا تۇزەيدىغان، ئۇچۇغداپ قويىدىغان باشقا ئادەم قالمىغاندەك، دىن ۋە ئۇممەت يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى دىن يولىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئادەتتىكى بىر نۇقسانلىرى ياكى شۇلار نۇقسان دەپ قارىۋالغان بىر ئىشلار تۇپەيلى ئۇلارغا چېشىنى بىلەپمۇ ئۆلگۈردى. ۋاھالەنكى، دىنىمىزدا ئۆلىمالارنىڭ ۋە تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ مەرتىۋىسى ئالاھىدە كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.»[1]

سۈنەنى تىرمىزىدا مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىنغان: ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى تۈرلۈك ئادەم توغرۇلۇق سورالدى. ئۇنىڭ بىرى ئابىد (ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى)، يەنە بىرى ئالىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقچىلىقى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىڭلاردىن ئارتۇق بولغىنىمغا ئوخشاش» دېدى. ئاندىن: «ئىلىم ئۆگەتكۈچىگە ئاللاھ رەھمەت يوللايدۇ، ئۇنىڭغا پەرىشتىلەردىن تارتىپ ئاسمان ـ زېمىندىكى مەخلۇقاتلار، ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلىلەر ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلارغىچە ھەممىسى مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ» دېدى.[2]

ئۆلىمالار ئۇممەتنىڭ قۇياشىدۇر. ئۇممەتنى بىر قۇش دەپ پەرەز قىلساق، ئۆلىمالار گويا كى

---

[1] سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئۇنىڭ يۈرىكىدۇر. يۈرەكنىڭ ھەر بىر سوقۇشى ئۆز ساھىبى ئۈچۈن ھاياتتىن دېرەك بېرىدۇ. ناۋادا يۈرەك ئۆزگىچە تېگىشلىك رەۋىشتە قوغدالمىسا، كۆتۈشكە ئېرىشەلمىسە، ئاسرالمىسا، چوقۇمكى ئۇنىڭدا بىنورماللىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. يۈرەكتىكى بىنورماللىق سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس. خۇددى پەيغەمبىرىمىز «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش يۈرەكتۇر» دەپ كۆرسەتكەندەك، ئۇممەت ئىچىدىكى بۇ يۈرەكلەر تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن (يەنى ئۇممەت) تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن (يەنى ئۇممەت) بۇزۇلىدۇ.

بەرھەق، خەلق ئۆز ئىچىدىكى ھەققىي ئۆلىمالارنى توغرا بايقاپ، ئىبادەتلەر ۋە ھاياتىي پائالىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى ۋە كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئېلىپ بارغاندىلا بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە قايناق دىنىي كەيپىياتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، بۇ كۈنلەردە پۈتۈن دۇنيادا، خۇسۇسەن دىيارىمىزدا ھەققىي سالاھىيەتلىك ئۆلىمالار رىيا ۋە كۆز-كۆز قىلىشلاردىن ساقلىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئاشكارىلىيالمايۋاتقان بىر پەيتتە، ھە دېگەندە «يولۋاس يوق تاغدا مايمۇن پادىشاھ» بولۇۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

ئەلۋەتتە، ئومۇمى خەلقنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەن ئەھۋالدا «ئاۋازى چوڭ بىلەن بىلىمى چوڭنى» پەرقلەندۈرۈش قىيىنغا توختايدۇ. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا بىر قىسىم پۇرسەتپەرەسلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاۋام-خەلقنى قالايمىقان قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ قالايمىقانچىلىقلاردا نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل، ساددا ئادەملەر ئاق-قارىنى، سېمىز-ئېششىقنى پەرق قىلالماي قالىدۇ-دە، ساغلام ئەقىدە-ئېتىقادقا ۋە توغرا ئاڭ-پىكىرگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دەپ كۆرسەتكەندى. ھەممىگە ئايانكى، ۋارىسلار بىلەن مىراس قالدۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدە ئورتاقلىق بولىدۇ. ئۆلىمالار بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئورتاقلىق دەل ئۇلارنىڭ ئۇممەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇش، ئۇممەتنىڭ، خۇسۇسەن ئۆزى تەۋە بولغان ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەسىلىلىرىنىڭ ئالدىدا قويۇش، ئۇممەتكە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا يېتەكچىلىك قىلىش... قاتارلىق بىر تالاي باشقا كىشىلەردە ھازىرلانمىغان سالاھىيەتلەردۇر.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ھازىر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارغا يارايدىغانلىقىنى توغرا پەرەز قىلالىغان، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلىدىغان چىن مەنىدىكى ئىلىم ئادەملىرىدۇر. بۇلارنىڭ يۇقىرىسى مۇجتەھىد، فەقىھ ئۆلىمالاردىن باشلاپ، دەۋەتچى، مۇدەررىس، مۇجاھىد، تالىپ ۋە ئادەتتىكى بىر كىشىلىك سالاھىيەتلىك مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ.

بىزدە ھازىرغىچە ئۆلىما، مۇدەررىس، مۇبەللىغ (دەۋەتچى) دېگەن ئۇقۇملار ناھايىتى چۇۋالچاق چۈشىنىپ كېلىنگەن. شۇنداق بولغاچقا ھەققىي ئۆلىمالار بىلەن ئۆلىمالار سېپىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان «ئىلىم لۈكچەكلىرى»نى پەرقلەندۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىنغا توختاۋاتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز «ئىش ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇلمىغاندا قىيامەتنى كۈتكىن» دېگەنىدى. قىيامەت دېگەن قېلىپلاشقان قانۇنىيەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. دېمەك، مەيلى پەتىۋا، ھۆكۈم، ئىجتىھاد، دەۋەت، دەرس ئۆگىتىش ۋە ياكى ئاللىقانداق بىر مەسئۇلىيەت سالاھىيەتلىك

كىشىلەرگە تاپشۇرۇلمىغاندا، شۇ ئىشنىڭ قىيامىتى بولغان بولىدۇ. يەنى ئۇ ئىشلاردا زور قالايمىقانچىلىق كۆرۈلىدۇ، سۇيىئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ خىل قالايمىقانچىلىق ئۇممەتنى دەل ھازىرقىدەك خاتىرجەم ھالدا بىرەر پىشۋانىڭ پىشىنى تۇتالمايدىغان باشسىز بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمنىڭ ئۇنى ئۆلۈك بولسا شۇنىڭ گېپىنى ھەق دەپ قاراپ قالىدىغان يەڭگىللىكلەردىن ساقلىنىپ، توغرا-خاتانى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تەڭ نەزەرگە ئېلىپ، ھەر بىر مەسىلىدە، خۇسۇسەن ئۆلىمالارغا بولغان مۇئامىلىدە ناھايىتى سوغۇققان، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولۇشىمىز لازىم.

ئۆلىمالارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا تەنە قىلىش ئازغۇنلارنىڭ يولىدۇر. چۈنكى ئۆلىمالارغا تەنە قىلغانلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەنە قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى دىنغا، ئۇلار ئۆستىگە ئالغان دەۋەتكە، شۇنداقلا ئۇلار تەۋە ئەقىدىگە تەنە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۆلىمالارغا تەنە قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزۈش ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «خۇددى مۇشۇ كۈنۈڭلارنىڭ ھۆرمىتى مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ شەھرىڭلاردا دەپسەندە قىلىش ھارام بولغانغا ئوخشاش، بىر-بىرىڭلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈش، ماللىرىغا چېقىلىش، يۈز-ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش سىلەرگە ھارامدۇر.»[1]

دىنىي ئۆلىمالارنى، تالىبۇل ئىلىملەرنى ۋە دىنىمىزنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنى مەسخىرە قىلىش، ھاقارەت قىلىش، ئۇلارغا قارىتا يامان غەرەزلەردە بولۇش پاسسىقلىققا ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. بۇ ئىشلار دىندا ئېغىر ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. دىندا ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان ئىشلار ھارامدۇر. دىنىمىزدا ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان، ھارامغا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەت قاتتىق چەكلىنىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋەب ۋە ۋاستىلەر مەقسەتكە ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھارام ئىشلار ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ۋاستىلىرىنى يامان كۆرۈش ۋە توسۇشتا، بۇ ۋاستىلەرنىڭ گۇناھلارغا قانچىلىك سەۋەب بولىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ. شۇنىڭدەك، تائەت-ئىبادەتلەرنى ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستىلەرنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىشتىمۇ، شۇ ۋاستىلەرنىڭ تائەت-ئىبادەتلەرگە قانچىلىك سەۋەب بولىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋاستىسى شۇ ئىش بىلەن ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ۋاستە پەقەت شۇ ئىش سەۋەبىدىنلا قوللىنىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بىرەر ئىشنى ھارام قىلسا، شۇ ئىشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنىمۇ قوشۇپ ھارام قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىمۇ قاتتىق چەكلىگەن. ۋاستىلەرنى ھارام قىلىش شۇ ئىشنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ھارام ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان ۋاستىلەرنى دۇرۇس قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ھارام قىلىشقا زىت بولۇپ قالاتتى، ھەم نەپسلەرنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغانلىق بولاتتى. شۇڭا ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ ئۇنداق قىلمىدى.»[2]

ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئۆلىمالار، مۇجتەھىدلەر، مۇدەررىسلەر، مۇبەللىغلەر، مۇجاھىدلار... قاتارلىق دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان، دىنغا تۆھپە قوشۇۋاتقان كىشىلەرگە ئورۇنسىز ئەزىيەت يەتكۈزۈش دىن ۋە ئۇممەتكە قىلىنغان زىيانكەشلىك ھېسابلىنىدۇ.

سەلەپ سالىھلار دەۋرىدە ساھابىلەرنى

1 «بۇخارى» 2-توم 191-بەت. «مۇسلىم» 2-توم 889-بەت

2 «ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين» 3-توم 147-بەت



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كەمستكۈچىلەر ۋە ئۇلارغا تىل ئۇزاتقانلار زىندىق دەپ قارالغان. چۈنكى ساھابىلەرنى كەمستكەنلىك دىنغا تەنە قىلغانلىق، پەيغەمبەرلەر سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى كەمسۇندۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ زۇرئە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «سەن بىرەر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ساھابىسىنى كەمستكەنلىكنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى، ئۇ ئادەم چوقۇم زىندىقتۇر. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەق! قۇرئانمۇ ھەق! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەق! بىزگە قۇرئان ۋە سۈننەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى يەتكۈزگەن. ئېنىقكى، ساھابىلەرنى كەمستكۈچىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغۇچىلاردۇر.»[1]

شۇنداق، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋە ھەمراھ بولغان بولغاچقا، ئۇلار دىننى ئەڭ توغرا چۈشەنگۈچىلەر ۋە بىزگە يەتكۈزگۈچىلەردۇر. ئۆلىمالار گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ مەنا-مەزمۇنلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە چۈشىنىشكە تىرىشقۇچى كىشىلەردۇر. دىننى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگۈچىلەردۇر.

ئۆلىمالارنى مەسخىرە قىلغۇچىلار ۋە ئىلىمنى ئىنكار قىلغۇچىلار، تالىبۇل ئىلىملەرگە ھاقارەت قىلغۇچىلار شەكسىزكى، بۇلار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەر قانچە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىپ كەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان، كالتە پەم، ئەقلى چولتا كىشىلەر دېمەكتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى، دىن ئىشى ئىلىم ئىشىدۇر. دىندا ھەر قانداق بىر ئىش نەقلى ئاساس بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا ئۆلىمالار ۋە باشقا ئاۋام مۇسۇلمانلارنى سەۋەبسىزلا ھېسسىياتىغا تايىنىپ ھاقارەتلەش، مەسخىرە قىلىش، قارى قۇرئانلارنى چەتكە قېقىش، كۆزگە ئېلماسلىق ئېغىر خاتالىقتۇر. بۇلار شەيتان مەغرۇرلاندۇرغان كىشىلەردۇر. بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «شەيتاننىڭ ئادەمنى ئازدۇرۇش ۋاستىسى ھەر خىل بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە باشلاش ئارقىلىق ئازدۇرسا، يەنە بەزى كىشلەرنى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆزىگە چوڭ كۆرسىتىش ئارقىلىق تەكەببۇرلۇققا، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىققا باشلاپ ئازدۇرىدۇ.»

تەكەببۇرلۇق دېگىنىمىز مەيلى دىنىي ئىشلاردا ياكى ئىجتىمائىي ئىشلاردا بولسۇن ئۆزىنى باشقىلاردىن قالتىس چاغلاش، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقلىرىنى پەش قىلىش، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆزىنى چوڭ چاغلىسا ياكى (تەكەببۇرلۇق قىلىپ) غادىيىپ ماڭسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ.»[2]

ئۆلىمالار ۋە تالىبۇل ئىلىملەر ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇنۇ ئايىتىگە ئەمەل قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئادەملەردۇر: «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟!.»[3]

ئۆلىمالارغا ھاقارەت قىلغۇچىلار، تالىبۇل

1 «ئەل كىفايەتۇ فى ئىلمىر رىۋايەت» 49-بەت

2 جامىئۇسسەھىھتە بايان قىلىنغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن

3 سۈرە تەۋبە 122-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىلىملەرنى كەمسىتكۈچىلەر، ئىلىمنى ئىنكار قىلغۇچىلار، «ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق، ھازىر ئوقۇپ نېمە كەپتۇ؟» دەيدىغان ئادەملەر بۇ ئايەتكە نېمە دەيدىغاندىغۇ؟! ئۆزىنى دىنىي سەپتە خىزمەت قىلىۋاتىمەن دەپ قارايدىغان بىر كىشىنىڭ ھە دېگەندە ئۆلىمالارغا تىل ئۇزارتىشى، تالىبۇل ئىلىملەرنى ھاقارەت قىلىشى، ھەتتا تېخى تەھدىت سېلىشى دىنىمىزنىڭ ھېچقانداق قىممەتقاراش، پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەقلىي جەھەتتىن قىلىپ ئېيتقاندىمۇ ھېچقانداق قىلىپ چۈشەنگىلى بولىدىغان بىر ئىش ئەمەس. بۇ گوياكى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كاچىتىغا ئۇرغاندەكلا بىر ئىش.

تەقۋادار ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ دوستلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ئازار بېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك. چۈنكى ئاللاھ تائالا دوستلىرىنى دۈشمەن تۇتقۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس قۇدۇسىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ كىمكى مېنىڭ دوستلىرىمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن دېدى.»[1]

دىنىمىزدا ئۆلىمالارلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق كىشىنى مەسخىرە قىلىش، چېقىشىش، زىتىغا تېگىش، ئورۇنسىز ئازار بېرىش ئىنتايىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرىشماڭلار، ئىماندىن كېيىن فىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (بۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.»[2]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: بىز (راست ئەمەس) پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويىدۇق» دەيدۇ. بۇ (مۇناپىقلارغا) سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن. سىلەر يالغان قەسەم ئىچىپ ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز».[3] بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ساھابىلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى ئاللاھنى مەسخىرە قىلغانلىق دەپ ھېسابلىدى. مانا بۇلار ئۆلىمالارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۆلىمالارنى مەسخىرە قىلىشتىن، ئۇلارغا تەنە قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سورىغان ئىدى. ساھابىلەر: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قېرىندىشىڭنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىشىڭ غەيۋەتتۇر، دېدى. بىرەيلەن: ئۇنىڭدا بارنى دېسەمچۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئۇنىڭدا بارنى دېگەن بولساڭ، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى

1 «بۇخارى» 7 \ 190-بەت

2 سۈرە ھۇجۇرات 11-ئايەت

3 سۈرە تەۋبە 65-66-ئايەتلەر

قىلغان بولسەن. ئەگەر ئۇنىڭدا يوقنى دېگەن بولساڭ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولسەن، دېدى.»[1]

ئۆلىمالارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش باشقا كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. ئىمام هاپىز ئىبنى ئەساكىر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىزنى ۋە سېنى ئۆز رازىلىقىغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. بىزنى ئۆزىدىن ھەقىقىي قورقىدىغان كىشىلەردىن قىلسۇن: ئى قېرىندىشىم! بىلگىنكى، ئۆلىمالارنىڭ گۆشى زەھەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى كەمسىتكۈچىلەرنى رەسۋا قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم! چۈنكى ئۆلىمالارغا بوھتان چاپلاش خەتەرلىكتۇر. ئۇلارغا قارا چاپلاپ نامىغا داغ تەگكۈزۈش ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇقتۇر. ئاللاھ ئىلىم تارقىتىشقا تاللىغان ئۆلىمالار بىلەن ئىختىلاپلىشىش ئەخلاقسىزلىقتۇر.»[2] چۈنكى، ئاۋام خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆلىمالارنىڭ ئوبرازى بىلەن دىن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ھە دېگەندە ئۆلىمالارنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغىلى تۇرسا، بۇنى كۆرگەن ئاۋام كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ھاقارەتلىگەن، مەسخىرە قىلغان ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىغا قايىل بولمىغاچقا ئۇلارغىمۇ ئەگەشمەيدۇ، ھاقارەتلەنگۈچىگە قارىتا كۆڭلىدە شۈبھە پەيدا بولغاچقا ئۇلارغىمۇ ئەگەشمەيدۇ. ئاخىرىدا دىندا پېشۋاسى يوق، باشباشتاق بىر قەۋم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا ئۆلىمالارنى ھاقارەتلىگەن، ئورۇنسىز تەنقىدلىگەن، كۆزگە ئىلمىغان، مەسخىرە قىلغان كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

بىر قىسىم دىتسىز، چولتا ئەقىل، كالتا پەم ئادەملەر دىن نامىدىن ئۆلىمالارنى ھاقارەتلەپ، كەمسىتىپ: «پالانى ئۆلىمانىڭ سۆزىنى ھېسابقا ئالغىلى بولمايدۇ! پالانى ئۆلىمانىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ!» دەپ جار سالىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ گېپى توغرا بولغان تەقدىردە ھەم بۇنداق سۆزلەرنى ئاۋام خەلقنىڭ ۋە گەپ-سۆزلەرنىڭ ئەركەك-چىشىسىنى چۈشەنمەيدىغان نادان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئېيتماسلىق كېرەك! چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ئاشۇ سۆزلەرنى شۇ پېتى قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم دېگەن دەبدەبىلىك شوئار ئاستىدا، ئۆلىمالار ۋە پىشقەدەم ئۇستازلار ھەققىدە ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىغىلى تۇرىدۇ.

مەيلى ئۆلىمالارغا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئاۋامغا بولسۇن خالىغانچە ئازار بېرىش، مەسخىرە قىلىش مۇسۇلمانلىق سۈپىتىگە زىت ئىشلاردۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان دېگەن تىلى ۋە قولى بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر. مۇئمىن دېگەن، باشقىلارنىڭ جېنى ۋە مېلىغا زامىن بولمايدىغان كىشىدۇر.»[3]

ئۆلىمالار ھەقىقەتەن ئۈممەت ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر. مۇشۇ ئاساس بويىچە ئېيتقاندا، ئۆلىمارلاردىن ياخشى گۇمان قىلىش ۋە ئۇلارغا ئۆزرە ئىزدەش ۋاجىپتۇر. چۈنكى دىيانەتلىك، ئىمانلىق، سالىھ كىشىلەر ھەققىدە ئۆسەك-تۆھمەت گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇلارغا قارىتا ياخشى گۇماندا بولۇش مۇئمىنغا ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تائالا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلىنىش ۋەقەسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟»[4]

بىر مۇئمىن ھەققىدە بولمىغۇر گەپ-سۆزلەر تارقالغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇنى تارقاتماسلىق، ئىشنىڭ تەگ-تەكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ياخشى گۇماندا بولۇش مۇسۇلمانلارغا خاس سۈپەتتۇر.

خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق

1 «مۇسلىم»
2 «تەبيىنۇ كىزبىل مۇفترى» 28-بەت

3 ئەلبانى (2118) ھەسەن ۋە سەھىھ، - دېگەن.
4 سۈرە نۇر 12-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگەن: «مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزنى ئىمكان قەدەر ياخشى تەرەپكە بۇرا، يامان گۇمان قىلما.»[1]

ئەبۇ قىلابە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭ ھەققىدە سەن ياقتۇرمايدىغان بىرەر گەپ قۇلىقىڭغا يەتسە، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئىزدە، ئۆزرە تاپالمىساڭ، ئۇنىڭ مەن بىلمەيدىغان ئۆزرىسى بولۇشى مۇمكىن دېگىن.»[2]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.»[3]

ئىمام ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىگۇناھ ئادەملەرگە ناھەق گۇناھ ئارتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن خەۋەرنىڭ راستلىقىنى بىلگەنگە قەدەر ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىماڭلار...»[4]

بىز يۇقىرىدا ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر نۇرى ئاستىدا باشقىلارغا ئازار بېرىشنىڭ، خۇسۇسەن ئۆلىمالارغا ئازار بېرىش ۋە دۈشمەن تۇتۇشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە پىشۋا ئۇستازلارنىڭ «ئۆلىما» ئاتالغۇسى توغرىسىدىكى ئوچۇقلىمىلىرىنى بىر قۇر ئەسلىتىپ ئۆتىمىز:

ئۆلىما، پەقىھ ۋە مۇجتەھىد دېگەنلەر شەرئى ئۇقۇم بولۇپ، شەرئى ھۆكۈملەرنى بىلىدىغان ۋە ئايەت ـ ھەدىسلەردىن شەرئى ھۆكۈم خۇلاسىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەردۇر. يۈزەكى بىلىم قۇرۇلمىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقى ناملار بىلەن ناملىنىشىلىشى ۋە دىنى ھۆكۈملەرگە خالىغانچە چات كېرىشىلىشى ئېغىر خاتالىقتۇر.

ئىمام شەۋكانى «ئۆلىما»لىق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بەش خىل شەرتنى ھازىرلاش لازىم، دەيدۇ.

1) قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئالاقىدار بىلىملەرنى ياخشى بىلىش. بۇنىڭدا بارلىق ھەدىسلەرنى يادقا بىلىش شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى ھەدىسلەرنىڭ مەنبەلىرىنى، قايسى توپلامدا بايان قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەدىسلەرنىڭ زەئىپ ـ سەھەھلىرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش.

2) ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇش.

3) دىنى ئىلىم مەنبەلىرى ئەرەب تىلىدا بولغاچقا، ئەرەب تىلىنى پۇختا بىلىش.

4) پىقھى ۋە پىقھى قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىش.

5) قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈم ئايەتلىرى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەر... قاتارلىق قۇرئانغا ئائىت زۆرۈر بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرنى ئۆزىگە ھازىرلىغان كىشىلەر ئۆلىما دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئۇ سەۋىيىگە يەتمىگەن كىشىلەرنى ئالىم ـ ئۆلىما دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. مانا بۇ، دىنى پىشۋالارنىڭ ئۆلىمالارغا قويغان شەرتلىرى. بۇ، ھەرگىزمۇ يۇقىرىقى شەرتلەرنى پۈتۈنلەي ھازىرلىمىغانلار، بۇ سەۋىيىگە يەتمىگەنلەر ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە كىمكى شەرئى كۆرسەتمىلەرگە ئۇيغۇن ھالدا، قولىدىن كېلىشىچە ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلسا، ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئەجرىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.» ئەمما ئۆزىنىڭ مۆئەييەن خىزمەتلىرىنى جاندىل بىلەن ئادا قىلغۇاتقانلىقىنى پەش قىلىپلا ئۆزىگە مۇناسىپ

---

1 «تەفسىر ئىبنى كەسىر» 4 ـ توم 213 ـ بەت
2 ئەبۇ نۇئەيم «ئەلھۇلىيە» 2 ـ توم 285 ـ بەت
3 سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ ئايەت
4 «جامىئۇلبايان» 26 ـ توم 123 ـ 125 ـ بەت

بولمىغان ئاتالغۇلارنى قوللىنىۋالسا ياكى ئۆزى چۈشەنمىگەن ساھەلەرگە چات كىرىۋالسا بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا ئىنساپسىزلىق قىلغاننىڭ ئۈستىگە ئېغىر قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆلىمالىق سالاھىيىتى ئادەتتىكى سالاھىيەت ئەمەس. ئۇ پەقەت ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ قويۇش بىلەنلا ھازىرلىنىپ قالمايدۇ. ئۆلىمالىق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن نەچچە ئون يىللاپ تىرىشىشقا، غۇربەتچىلىك، مۇساپىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئاللاھنىڭ نۇرى بولغان ئىلىمگە لايىق سالاھىيەتكە ئىگە بولغاندا ئاندىن ئىلىم يۇقىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەندى-نەسىھەت ئالىدۇ.»[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.»[2]

ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى مەرتىۋىلىرى مانا مۇشۇنداق يۈكسەك. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ قەدەر كۆككە كۆتۈرۈلگەن، تەرىپلەنگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن سايلىۋېلىش، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارنى ھېچ ئىش قىلمىغانغا چىقىرىپ دەشنام قىلىش چېكىدىن ئاشقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادىمگەرچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، كۆپىنچە تالىبۇل ئىلىملەر مۇساپىرچىلىقتا، غۇربەتچىلىكتە، يېگىلى يوق، كىيگىلى يوق ھالدا ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ دىلى نازۇك، قەلبى يۇمشاق كېلىدۇ. بۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش، رىغبەتلەندۈرۈش، تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھە دېگەندە ئۇلارغا زەربە بېرىش، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇچىغا چىققان ئىنساپسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

ناۋادا ئۆلىمالار ۋە تالىبۇل ئىلىملەرگە ئەسلىتىش زۆرۈر بولغان مەلۇماتلار ياكى ئورتاقلىشىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولسا چىرايلىق ئۇسۇلدا بىر يەرگە كېلىشىپ، ھەر ئادەم ئۆز سالاھىيىتى بىلەن پىكىر بايان قىلىشى، ئوخشاش قاراشلاردا ھەمكارلىشىپ، ئوخشىمىغان قاراشلاردا بىر-بىرىنىڭ پىكىر-قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ۋەھيى نازىل بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ چوڭ-كىچىك ھەممە ئىشلاردا پىكىر-قاراشلار بىرلىككە كەلگەن ئەمەس. پەقەت ھۆكۈمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە نەقىللەرگە ئاساسلىنىپ بىرلىككە كېلىنگەن بولسا، باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆزئارا كېڭەش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغان. ئادەتتىكى ئۈششاق ئىشلاردا ھەر ئادەم ئۆز چۈشەنچىسىنى ساقلاپ قالغان ئىشمۇ بولغان. كېڭەش قىلىنغاندىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان، بەزىلىرىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە مۇناسىپ چۈشەنچە بەرگەن، لېكىن ھېچ بىر ساھابىنى پىكىر قاتناشتۇرغانلىقى ياكى ئوخشىمىغان قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدلىگەن ياكى جازالىغان ئىش يوق. يەنە كېلىپ بىراۋ مەلۇم بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويسا ئۇنىڭغا دەماللىققا ئەگىشىدىغانلارمۇ ۋە ئىككىلىنىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىككە كېلىش ۋە چۈشەنچىدە ئورتاقلىققا ئېرىشىش مەلۇم ۋاقىت ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە 269-ئايەت
[2] ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئادەملەردىكى بۇ خىل روھىي ـ كەيپىياتنى چۈشەنمەي، ئۆزىنىڭ دىگەنلىرىنى شەرتسىز بويسۇنۇش كېرەك بولغان ھەقىقەت ھېسابلىۋېلىپ، ئاخىردا ئۆزى بىلەن ئوخشىمىغان قاراشتا بولغانلارنى كەلسە ـ كەلمەس كاپىرغا، مۇناپىققا، نائەھلىلىككە چىقىرىۋېتىش ئىلىمسىزلىكتىن، تەدبىرسىزلىكتىن، دىتسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دىنىي خىزمەت ساھەسى ناھايىتى كەڭرى بىر ساھە. بىر ئادەم ياكى مەلۇم بىر توپنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلارنى قامداپ بولۇشى ناتايىن. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە دىندا ئالىم بولۇش ھېچبولمىغاندا نەچچە ئون يىل ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بىر جەريان. بۇ جەرياندا ئۇلار زېھنىنى بەكرەك ئىلىمگە مەركەزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى كۆرۈپلا ئۇلارنى «كىتاب خالتىسى، كىتابتىن باشقىنى بىلمەيدۇ» دەپ چەتكە قېقىش ئالدىراڭغۇلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى، تاۋلىنىشى، پىشىپ ـ يېتىلىشىگە پۇرسەت بېرىش، كەمچىل جايلىرى بولسا چىرايلىق شەكىلدە تولۇقلاش كېرەك.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالادىن ئۇلۇغ دىنىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىردە خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشىنى، ئۆزئارا ھەمكارلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئۇنىسى ـ ئۇلپەت ئاساسىدا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەشكە، شۇندافلار ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشىپ، ئەرزىمەس نىزا ـ تەپرىقىلەردىن يىراق تۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ دىنىمىزنىڭ داغدام يولىدا مۇستەھكەم مېڭىشقا نېسىپ قىلىشىنى سورايمىز. (ئامىن)

## مۇھەممەد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ...

ئەگەر بىز تارىختىكى مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىگە قارايدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار پارس ۋە رىملىقلار بىلەن توقۇنۇشقان ۋاقىتتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن زور ئىدى. يەنى مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت ئامىللىرى جەھەتتە پۈتۈنلەي قۇرۇق قول ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق ئىدى.

بىراق، ئاشۇ زور پەرق ئۇلارنى ئۆز يولىدا مېڭىشتىن بىر دەقىقىمۇ توختىتىپ قويمىدى ياكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا بۇ ئىككى چوڭ دۈشمەننىڭ قىلچىلىك ئورنى بولمىدى.

سىز رەبئى ئىبنى ئامىرغا قاراڭ! ئۇ رۇستەمنىڭ شانۇ ـ شەۋكەت ئىچىدە ئولتۇرغان ھەيۋەتلىك ۋە ياسداق ئوردىسىغا ئىمانى ئۈستۈنلۈك بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەنستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ھەتتا ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ۋە تۆۋەن كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېسىل گىلەملىرىگە نەيزىسىنى سانچىپ، پاكار ئىشىكنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ.

ـ سىلەر بىزنىڭ ئېلىمىزگە نېمە دەپ كەلدىڭلار؟ ـ دەپ سورايدۇ رۇستەم ئۇنىڭدىن.

ـ ئاللاھ بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇل بولۇشقا يېتەكلەشكە، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭرىلىكىگە چىقىرىشقا ئەۋەتتى ـ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ رەبئى ئىبنى ئامىر تەمكىنلىك بىلەن.

ئالدامچىق، ماددىي مەدەنىيەت ۋە زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە قارشى ھالدا ئىمان بىلەن ئېپتىخارلىنىشتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان روھ ۋە ئىززەت بولامدۇ؟!



# ئىسلامدا ھىممەتنىڭ ئورنى

ئابدۇلئەھەد ئۇجات تەييارلىغان

«ھىممەت» سۆزى كۈچلۈك ئىرادە، بىر ئىشنى قىلىشقا قەتئىي بەل باغلاش دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.[1]

ھىممەت كىشىنى بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندىگۈچى كۈچ بولۇپ، ئالىي ھىممەت ۋە تۆۋەن ھىممەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ھىممىتى ئاسمان بويى يۈكسەك بولسا، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ھىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ.

ھىممەت تەبىئىي ھىممەت ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ھىممەت دەپمۇ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ھىممەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، تەبىئىي ھىممەت، يەنە بىرى يېتىلدۈرۈلگەن ھىممەت يەنى تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ھىممەتتۇر. تەبىئىي ھىممەت ئالىي بولسۇن، تۆۋەن بولسۇن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ھىممەت بولۇپ، ئۇنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆستۈرۈش مۇمكىن بولغاندەك، بىپەرۋالىق بىلەن ئاجىزلاپ قىلىشمۇ مۇمكىن. ئىگىسىنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ھىممەت دەرىجە قازىنىپ يۈكسىلىپ ئالىي ھىممەتكە ئايلانغاندەك، پەرۋىش قىلماستىن تاشلىۋېتىش بىلەن يوقىلىدۇ. ھىممەت بۇ جەھەتتە ئەقىل پاراسەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە باشقا سۈپەتلەرگە ئوخشاشتۇر.

ھىممەت ھەققىدە مىشاد ئەددىنەۋۇر مۇنداق دېگەن: ھەر دائىم ھىممەتلىك بول، چۈنكى ھىممەت ھەممە نەرسىنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ، قانداقلا بىر كىشىنىڭ ھىممىتى يۈكسەك ياكى ئالىي بولىدىكەن، كېيىنكى ئىشلىرىمۇ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ.

ھىممەت قەلب ئىشى بولۇپ كىشىنىڭ قەلبىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ.

ئالىي ھىممەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن نېئمىتى ۋە پەزلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئالىي ھىممەت ئاتا قىلغان كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتى ئۈچۈن شۈكرى قىلىشى لازىم.

كىمكى ئۆزىنىڭ بۇ نېمەتتىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەن، ئاۋۋال ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى ۋە ئاللاھ تائالادىن ئالىي ھىممەت تەلەپ قىلىشى كېرەك.

چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ھىممەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ. ھىممەتسىزلىككە، ھۇرۇنلۇققا ۋە تەييارتاپلىققا قارشى تۇرىدۇ. ئالىي ھىممەت ھەر بىر كىشىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك سۈپەتلەردىن بىرى بولۇپ، ھەر قانداق مىللەتتە ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر كۆپ

[1] لسان العرب

uyghurkitap.com

بولىدىكەن، ئۇ مىللەت تەرەققىياتتا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلەيدۇ. قۇش ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچقاندەك، كىشمۇ پەقەت ئۆز ھىممىتى بىلەنلا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە قەدەر ئۆرلىيەلەيدۇ.

### «ئالىي ھىممەت» ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر:

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىگە قارايدىغان بولساق مۇئمىنلەرنى ئۇلۇغ، يۇقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلىشقا ۋە ياخشى ئىشلاردا بەسلىششىكە چاقىرغانلىقنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەر ۋە ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن.»[1]

ئاللاھ تائالا يەنە قىيىن ۋە ئېغىر كۈنلەردە ھىممىتى ۋە ئىرادىسى كۈچيىگەن دوستلىرىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولىدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.»[2]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.»[3] بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشقا، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە كىرىشكە ئالدىراشقا بۇيرۇيدۇ. ئەھۋال ئۇنداق ئىكەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەييارلانغان مۇكاپاتقا ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بوشاڭلىق قىلماسلىقى، بەلكى ئالىي ھىممەت ۋە كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

### «ھىممەت» ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر:

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتىشىدا بىر بەدەۋىينىڭ چېدىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بەدەۋىي (سەھرالىق ئەرەب) نىڭ چېدىرىغا كىردى. بەدەۋىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈت، نان، خورما دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن مېھمان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بەدەۋىيگە مەدىنىگە يولۇڭ چۈشسە بىزنىڭ ئۆيىگە كەلگىن دېدى. بەدەۋىي ئۇزۇن ئۆتمەي مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەۋىينى مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەرسە ھەدىيە قىلىشنى ئويلاپ بىرەر تەلەپىڭ بولسا سورىغىن دېدى. بەدەۋىي مىنىشىم ئۈچۈن بىر ئۇلاغ بەرسەڭ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەۋىيگە بىر ئۇلاغ بەردى. ئاندىن يەنە باشقا نېمە تەلىپىڭ بار؟ دېدى. ئائىلەمنىڭ سېغىپ ئىچىشى ئۈچۈن بىر ئۆچكە بەرسەڭ دېدى. ئۆچكىنىمۇ بەردى. ئاندىن بەنى ئىسرائىللىك موماي چىلىكمۇ بولالامسىلەر؟ دېدى. ساھابىلەر بەنى ئىسرائىللىك موماي ھەققىدە سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل بىلەن مىسىردا كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت قاراڭغۇلۇق باستى ۋە يولدىن ئېزىپ قالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەجەبلىنىپ نېمە ئىش بۇ دەپ سورىدى. بەنى ئىسرائىل ئى مۇسا يۇسۇپ دۇنيادىن كېتىشتىن بۇرۇن، يۇسۇپنىڭ قەبرىسىنى يۆتكىمەستىن مىسىردىن چىقماسلىقىمىزغا ۋەدە ئالغان ئىدى، دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام «يۇسۇپنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «مۇسانىڭ قەۋمىدىن بولغان بەنى ئىسرائىللىك بىر موماي بىلىدۇ،» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام مومايىنى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. موماي مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام مومايدىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. موماي: «مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر شەرتىم بار شۇنى قوبۇل قىلساڭ كۆرسىتىپ قويىمەن،»

---
[1] سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت
[3] سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت

دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ‹‹قېنى شەرتىڭنى دېگىن›› دېدى. موماي سەن بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىمەن دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام موماينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ ‹‹موماينىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغىن، ›› دېدى. موماي، مۇسا ۋە قەۋمىنى سۇ يېغىلىپ قالغان بىر ساسلىق يەرگە باشلاپ كېلىپ ‹‹بۇ سۇنى تارتىۋېتىڭلار›› دېدى. سۇ تارتىلغاندىن كېيىن، ‹‹يەرنى كولاڭلار›› دېدى. يەر كولىنىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆڭەكلىرى يۆتكەلگەندىن كېيىن ئالەم كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. [1]

يۇقىرىدىكى ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەۋىينىڭ ھىممەتسىزلىكىگە ۋە دۇنيالىق نەرسىلەرنى سوراش بىلەن چەكلىنىپ قالغانلىقىغا بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق دارتىپ كايىغانلىقىنى، ساھابىلارنى ئالىي ھىممەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىققانلىقىنى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە ھەدىسىدىنمۇ ساھابىلارنى ئالىي ھىممەت ئۈستىگە تەربىيىلەپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹سىلەر ئاللاھ تائالادىن جەننەتنى سورىساڭلار، پىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار. ھەقىقەتەن فىردەۋس جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدە راھمان تائالانىڭ ئەرشى باردۇر، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئاشۇنىڭدىن پىردەۋستىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.››[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: ‹‹ئاللاھ تائالا ئالىي ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ. تۆۋەن، ئەرزىمەس ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ.››[3]

رەبىئە ئىبنى كەئب ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە

[1] ھاكىم ئەلمۇستەدرەكتە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن
[2] بۇخارىدا كەلگەن ھەدىسنىڭ بىر قىسمى
[3] تابرانى رىۋايىتى

قونۇپ قالاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت سۈيىنى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بېرەتتىم. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن بىرەر تىلىكىڭ بولسا، سورىغىن» دېدى. مەن: سەندىن جەننەتتىمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقا تىلىكىڭ يوقمۇ؟» دېدى. مەن پەقەت مۇشۇ تىلىكىم بار، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ئۆزەڭ سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن»، دېدى. [4]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹كىمكى پۈتۈن غېمىنى بىرلا غەمگە (يەنى ئاخىرەتنىڭ غېمىغىلا) مەركەزلەشتۈرىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ دۇنيالىق غەملىرىگە ئاللاھ تائالا كۇپايە قىلىدۇ. كىمكى دۇنيانىڭ غېمىنى كۆپ قىلىپ، شۇنىڭ بىلەنلا مەشغۇل بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قايسى سايدا ھالاك بولغانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ.›› [5]

ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ئۆزى تەر-تۆكۈش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھالال يول بىلەن رىزىق تەلەپ قىلىشقا تەرغىپ قىلىش بىلەن بىرگە، زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋاللاردا باشقىلاردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا تەرغىپ قىلىدۇ. ھەر دائىم بەرگەن قولنىڭ سورىغان قولدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۇرۇۋە ئاتىسى زۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ساللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ ئۆچىسىغا بىر باغلام ئۇتۇننى يۇدۇپ كېلىپ ئۇنى سېتىپ (تىرىكچىلىك قىلغىنى)، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى خارلىقتىن ساقلاپ قالغىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يا بېرىدىغان، يا بەرمەيدىغان كىشىلەردىن تىلىگىنىدىن ياخشىدۇر». [6]

## ھىممەت ھەققىدە ئالىملارنىڭ سۆزلىرى:

ئىمام ئىبنى قەييىم ئالىي ھىممەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئالىي ھىممەتلىك كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمىگۈچە قەتئىي توختىمايدۇ. ئاللاھ رىزاسىدىن باشقا

[4] مۇسلىم رىۋايىتى
[5] بۇ ھەدىسنى ئەلبانى ھەسەن دېگەن
[6] بۇخارى رىۋايىتى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

هېچقانداق نەرسنى ئىزدىمەيدۇ ۋە رازى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالادىن ئالىدىغان نېسۋىسى، ئاللاھ بىلەن بولغان يېقىنلىق، ئۇلپەت ۋە خۇشاللىقنى پانى دۇنيانىڭ ھېچقانداق نەرسىسىگە تېگىشمەيدۇ.››

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئالىي ھىممەتنىڭ ئادەتتىكى ھىممەتلەرگە نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكى خۇددى ئەڭ يوقىرى ئۈپۈقتا جەۋلان قىلغان قوشنىڭ باشقا قۇشلارغا بولغان ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشاش بولۇپ، تۆۋەندىكى قۇشلارغا يەتكەن بەختسىزلىكلەر يوقىرى ئۈپۈقتىكى قۇشقا يەتمەيدۇ. ئۇ يوقىرى ئۈپۈقتا قانچىلىك ئۆرلىگەنسېرى بالايى ئاپەتلەردىن شۇنچىلىك يىراق بولغىنىدەك، قانچىلىك تۆۋەنلىگەنسېرى بەختسىزلىكلەر ئۇنى شۇنچىلىك تېز تېپىۋالىدۇ.››

شەيخ ئابدۇلقادىر جەيلانى ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئوغلۇم، غېمىڭ پەقەتلا يەپ ئىچىش، گۈزەل كىيىنىش، ئۆيلىنىش، ئۆي ئىمارەت سېلىش ۋە مال دۇنيا توپلاش بولمىسۇن. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى نەپسىنىڭ ۋە ئىنسان تەبئىيىتىنىڭ ئىشىدۇر. قەلبىنىڭ ئىشى قېنى؟ غېمىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە مۇكاپاتىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسۇن.»

## ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامەتلىرى:

ھىممەتسىز كىشلەرنىڭ نۇرغۇن كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ تۆۋەندىكىدەك خۇلاسلاش مۇمكىن:

1 ـ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ:

ھىممەتسىز كىشلەر ئىبادەتلەرنى ناھايىتى ئېغىر خۇددى ئاللاھ قۇرئاندا سۈپەتلىگەن مۇناپىقلارغا ئوخشاش ياقماستىن ھۇرۇنلۇق بىلەن ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك كەچە نامىزى، ۋىتىر ۋە نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ. بولۇپمۇ نامازنىڭ ۋاقتىلىرى ئۆتۈپ كېتىپ قالغاندا شۇنداق قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ.››[1]

2 ـ مەسئۇلىيەتتىن قاچىدۇ: ھىممەتسىز كىشلەر مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئۈچۈن ئۆزرىسى بارلىقنى، ئىشنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقى، تاپشۇرۇلماقچى بولغان ۋەزىپىنى ئادا قىلالىغۇدەك قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقىدەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ئىش قىلماقچى بولغان كىشىلەرنى توسۇش ئۈچۈن ئىشنى ھەددىدىن زىيادە قىيىن مۇرەككەپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىنىڭ باش ئاغرىق ياكى ئاۋارىچىلىقنى خالىمايدىغانلىقىغا ھىممىتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىرادىسىزلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

3 ـ تاشقى كۆرۈنۈشكە بەكراق ئەھمىيەت بېرىدۇ: ھىممەتسىز ۋە ئىرادىسىز كىشلەر ئىشنىڭ جەۋھىرىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن بەكرەك، تاشقى قىياپەت ۋە كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

4 ـ ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى زايا قىلىدۇ.

5 ـ باياشات ۋە پاراۋان تۇرمۇشقا ھەددىدىن زىيادە قىززىقىدۇ: يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە بېرىلىش، كۆپ ئۇخلاش قاتارلىقلار كىشىدىكى ھىممەتنى ئۆلتۈرۈپ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ئاللاھتائالاغا تائەت ئىبادەت قىلىشتىن توسىدۇ ياكى سۇسلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

6 ـ ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. چىرايلىق كىيىنىش، ماشىنىنىڭ ئالىيسىنى مىنىش، سەنئەتچى ۋە پۇتبولچىلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قىزىقىش، دوقمۇش ۋە يول ياقىلىرىدا ئولتۇرۇپ كىشلەرگە ئەزىيەت بېرىش بىلەن ۋاقتىنى زايا قىلىدۇ.

7 ـ ھەر دائىم چوڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇ بىلەن ياشايدۇ، لېكىن ئۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تەر تۆكۈپ تىرىشمايدۇ. پەقەت قۇرۇق خىياللار بىلەن ۋاقتىنى زايا قىلىدۇ.

8 ـ ئۆتكەن ئىشلارغا ۋە پۇرسەتلەرگە ھەسرەت نادامەت چېكىش بىلەن بولۇپ، ھازىر قولدا بولغان شەرت شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى زايا قىلىدۇ.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] سۈرە نىسا 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى




قايغۇرما!

ئەگەر يۈرىكىڭ ئېچىشىۋاتقان بولسا، بىر قەلبىڭ بار، دېمەككى.

قەلبسىزلەر دەرت ـ ئەلەمنى بىلمەيدۇكى!

بۇ نېمە دېگەن بەختىيارلىق، سەن دەرتلىنەلىدىڭ.

قەلبىڭنى سىلاشتۇرۇۋاتقان بىرى بار دېمەككى.

يا قەلبىڭ سىپاشتۇرۇلمىغان بولسىچۇ؟

يا قەلب تۇپراقلىرىڭغا قايغۇ سىڭدۇرۇلمىگەن بولسىچۇ؟

دېمەككى، سەن نەزەرىدىن ساقىت قىلىنمىدىڭ...دېمەككى، ھازىرمۇ بىر ئۈمىد ئېكىنزارلىقسەن.

قايغۇرما!

ئەگەر قايغۇرىۋاتقان بولساڭ، شۇنى بىلگىنكى،

سېنىڭ پارلاق مەۋجۇتلۇقىڭنى بىرسى پاتقاقتىن چىقىرىشنى خالىماقتا، شۇڭا قەلبىڭنى سىپاشتۇرماقتا.

قەدرىنى بىلگىنكى، دەرت چەكتۈرۈشكە لاياقەتلىك كۆرۈۋاتقان گەپ سېنى.

قايغۇلىرىڭ قەلب تۇپراقلىرىڭنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قوچۇۋاتقان بولسا ئەگەر،

سەن تېرىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئېكىنزارلىق دېمەككى.

ئەگەر، دەرت ـ ئەلەم زەربىسىدە كۆكۈم ـ تالقان بولۇۋاتقان بولسا قىيا تاشتەك چۈشىيتقان ئىشەنچلىرىڭ،

يېرىلغان كۆكسۈڭگە ئۈمىد كۆچەتلىرى تىكىلمەكتە دېمەككى.

قايغۇرما!

قوللىرىڭ ئىگىكىڭنى يۆلىگەن،

باشلىرىڭ يەرگە ساڭگىلىغان ھالدا كېتىۋاتقان بولساڭ،

ئىچىڭنى شاتلاندۇرىدىغان خەۋەرلەرنىڭ رەڭلىرى تامشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئۈمۈر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەپتىرىڭگە دېمەككى.

قار يېغىۋاتقان بولسا ئىشەنگەن تاغلىرىڭغا، ئەتىنىڭ ئۈمىدلىرىدا رەڭگارەڭ گۈللىرىڭ بولىدۇ، دېمەككى.

تەلۋە شىۋىرغانلار تەۋرىتىۋاتقان بولسا، شاتلىق چوققىلىرىڭنى،

بوران-چاپقۇنلار تەستەكلاۋاتقان بولسا ئۈمىد قىيالىرىڭنى،

سەن بىر ئۇلۇغ تاغسەن دېمەككى.

ئازراقلا كۈتكىن،

ئېتىكىڭدىن سۈرۈن شاماللىق ئىرىق-ئاستەڭلەر ئاقىدۇ، دېمەككى.

قايغۇرما!

دەرتلەنسەڭ، مەغرۇرلاشمايسەن... كىبىرنىڭ مەينەت ئازگىللىرىغا چۈشمەيسەن... مەنمەنلىكنىڭ لايلىرىدا بۇلغانماس ئاياغلىرىڭ... ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرىدىن ئۇزاقلىشىپ ماڭىدىغان بولسەن...
هاۋايى-ھەۋەسنىڭ ئارقىغا كىرىپ، گۇناھكارلىقنىڭ قاراڭغۇ ئۆرەكلىرىگە دۇم چۈشمەيسەن.

سېنى بىرسى يىقىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ، دېمەككى.

سېنى ئۇ ئۇلۇغ زات سىغىنغان بولۇشى مۇمكىن دېمەككى.

قايغۇرما!

دەرتلىنىۋاتقان بولساڭ، بىر مۇقەددەس تەسەللىي ئىشىكى ئالدىدا ساقلىتىلىۋاتىسەن دېمەككى.

كۆزۈڭنى تارت! ۋاپاسىز دۇنيانىڭ ئىشىكلىرىدىن... قەلب ئالىمىڭدىن قوغلاپ چىقارغىن سەۋەپلەرنىڭ قۇرۇق ئۈمىدلىرىنى... ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن ساختا قانائەتلەردىن.... يۈرىكىڭنى نىرى قىل! بوش ھاياجانلاردىن.... ئىشىك مانا ئېچىلاي، ئېچىلاي دەيدۇ، دېمەككى.

قايغۇرما!

قايغۇرۇۋاتقان بولساڭ، قولۇڭدىن كېتىدىغان قىممەتلىك بىر نەرسەڭ بار، دېمەككى.

قولدىن كېتىدىغان قىممەتلىك نەرسىسى بار كىشى، ئالليي بۇرۇن قازانغان كىشى دېمەككى.

قولۇڭغا كەلتۈرەلمىگەنلىرىڭنى سانايمەن دەپ ئۇرۇپراتما نەپسىڭنى... قولۇڭدىكىلەرنى ساناشقا باشلا! ھەممىنى سانىيالىساڭمۇ، نەپەسلىرىڭنى ساناشقا نەپىسىڭ يەتمەيدۇ. مانا قارا! نېمە دېگەن بايسەن. نەپەس ئېلىۋاتىسەن، دېمەككى.

قايغۇرما!

سېنى بىر تىكىشاۋاتقان زات بار... سەن ئۆزەڭنى سۆيۈشتىنمۇ ئىلگىرى ئۇ سۆيگەن سېنى... سەن ئۆزەڭمۇ بىلمەيدىغان ئۇنتۇش ھاڭلىرىدىن ئۇ تارتىپ چىقاردى سېنى.

تارتىۋاتقان ئازاپلىرىڭغا خۇددى مەشغۇل چىلىنىۋاتقان تېلېفونغا ئوخشاش گاس-قارىغۇ ئەمەستۇر ئۇ... يۈرىكىڭنىڭ ھەر بىر ئەلەملىك ئاتەشلىرىگە سۇ سېپىشكە ئەنە ئۇ يېتىپ كېلىدۇ.

جۇدالىقىڭغا، ئازابلىرىڭغا... تۆمۈرگە ئوخشاش سوغۇق بىنالار گىبى پەرۋاسىز ئەمەستۇر ئۇ... يوقاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇ ۋەدە بېرىدۇ.

سۆيگەنلىرىڭگە، سىغىنىشلىرىڭغا... خۇددى كۆپ خىل تاللاش ئۇسۇللىرى بولغان ئىمتىھان قەغىزىگە ئوخشاش تەمسىز، تۈزسىز فورمىلالارنى سونمايدۇ ئۇ...

سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى چۈشىنىدۇ...

ساڭا سىنىڭ ئۆزەڭدىنمۇ بەك كۆڭۈل بولـدۇ... ئۇ پەقەت كۆز ياشلىرىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساداسـغا ئىمزا ئىتىشىڭنىلا خالايدۇ.

بىر ئەبەدىلىك سۈرەت رامكىسى ئىچىگە رىياسىز بەندىچىلىكىڭنىڭ رەسىمىنى قويۇشنى خالايدۇ.

سورۇلۇپ كېتىۋاتقان ئۆمۈر زەررىلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن ئىللىققىنە بىر لالە گۈلىنىڭ ئۆمىدىنى ياشارتىشنى خالايدۇ.

ھال ـ ئەھۋالىڭنىڭ يىرىلغان يىرىقلىرى ئارىسىدىن مەڭگۈلۈك تەسەللىي ئۆستەڭلىرىنى ئېقتىشنى خالايدۇ.

قايغۇرما!

ھەر بىر قايغۇرۇش مەۋجۇتلۇقنىڭ جىسمىغا بىر سىزىقچىدۇر... دېمەككى قايغۇرۇشلىرىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنىڭ خەۋەرچىسىدۇر.

قېنى ئەسلەپ باققىنكى،

بىر چاغلاردا ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەكمۇ بىر نەرسە ئەمەس ئىدىڭ.

ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئەخلەتكە ئاتسا بولغۇدەك بىر مەينەت سۇ ئىدىڭ.

پەقەت ئەشۇ بىرلا زات يۈزۈڭگە باقتى....

ھېچ كىشى سېنى ئىزدەپ سوراپمۇ قويمايدىغان... ساڭا ئەھمىيەت بېرىپ ئىسمىڭنى بىر بۇلۇڭغا يازمايدىغان... يېزىشقا لايىق ئىسمىڭمۇ بولمىغان شۇ كۈنلەردە، پەقەت ئەشۇ بىرلا زات سېنى ئەسلىدى.

ساڭا يۈز خاتىرە قىلدى... سېنى يېنىغا ئالدى ۋە ھەر دائىم سەن بىلەن بىرگە بولدى. سەن ئۆزەڭنى ئۇنتۇپ ئۇيقۇ ياستۇقىغا باش قويغىنىڭدىمۇ، ئۇ سېنى ھەر قېتىم يەنە سەھەرگە يەتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنى قانچىلىغان قېتىم ئۇنۇتتۇڭ، ئەمما ئۇ سېنى ھەرگىز ئۇنۇتمىدى.

قايغۇرما!

ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسىمۇ يالغۇز قالغان... چالما كېسەك قىلىنغان... پالانغان... يارىلانغان... قوغلاپ چىقىرىلغان... ئاچ، سۇسىز قالغان... ئۆز ئۆيى تەرەپكە ئۇزاقتىن ھەسرەت بىلەن، كۆز ياشلىرى ئىچىدە چارىسىزچە نەزەر سالغان....

ئەنە غارىدىمۇ يالغۇز مۇداپىئەسىز قالغان... شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ساڭا ئوخشاشلا قايغۇرغان يىگانە ھەمراھىغا، مەڭگۈلۈك بىشارەت بەرگۈچى تەبەسسۇمى بىلەن: «لا تەھزەن ئىننەللاھە مەئانا» «قايغۇرما ئاللاھ بىز بىلەن بىرگە» دەپ بىشارەت بەرگەن.

ئەمدى سەنمۇ قايغۇرما!

كۆتۈر بېشىڭنى يەردىن،

ئۇ سۆيۈملۈك زات سېنى مۇرەڭدىن سىلىكىپ ئەسلىڭگە كەلتۈرۈشنى خالايدۇ.

چۈنكى ئۇ رەببىڭ، ئۇ پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رەنجىمەيدۇ دېمەككى.

سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭنىڭ كۆزلىرىگە ئېچىكىرىلەپ بىر قاراپ باققىن، شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيسەنكى، رەببىڭ سېنى ئۇنتۇپ، يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، دېمەككى.

قايغۇرما!

«لا تەھزەن ئىننەللاھە مەئانا»

«قايغۇرما! ئاللاھ بىز بىلەن بىرگە»

ئاللاھ بىز بىلەن بىرگە.

ئاللاھ بىز بىلەن بىرگە...

(ماقالىنىڭ ئەسلى ئاپتورى: دوكتور سەنائى دەمىرجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




مەرھۇم ئۇستازىم شەمسىدىن قارىھاجىم تەخمىنەن 1928 ـ يىللىرى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەندىجان ۋىلايىتىدە ئەندىجان قازىسى ئابدۇلئەزىز قازى داموللام (ئورۇسلار يەپكەتكەن) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1930 ـ يىللىرى ئاكىسى مەشھۇر شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن ئانىسى سائادەتخان ئايىم (تەخەللۇسى بىۋاپا ئايىم بولۇپ، ئۇقۇمۇشلۇق شائىرە ئايال ئىدى) نىڭ ھەمراھلىقىدا دىيارىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى تارىخى ھەمىدىدە: «خوتەن ناھايىتى كونا ۋە قەدىمىي شەھەردۇر، ئادەملىرىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىگە قارىغاندا، بىر سۆزلۈك، بىر قوللۇق، بىر نىيەتلىك ۋە ئىتتىپاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ... تەقۋا پەرھىزكارلىرى تولا... تەبىئەت ئەدرىكى پاكىز، زېھنى يۈگرۈك... مېۋە ـ يىمىشلىرى بولسا ناھايىتى كۆپ ۋە مول، يايلاق ـ باياۋانلىرى بىپايان، چارۋا ماللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ» دەپ ئالاھىدە ماختىغان خوتەنگە كېلىپ، خوتەن شەھرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئاكىسى مەشھۇر شائىر بىلال ئەزىزى 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاقسۇ تۈرمىسىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

مەرھۇم شۇيىللاردا ئۆزبېكىستاندىن خوتەنگە كۆچۈپ كېلىپ، قارىيلىقتا داڭق چىقىرىپ، خوتەندە مىڭلىغان قارىي يېتىشتۈرگەن مەرھۇم ئابدۇنەبى قارىھاجىم يېنىدا ئوقۇپ، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادقا ئېلىپ، ئابدۇنەبى قارىھاجىمنىڭ بىرىنچى قول تالىپى بولۇپ، ئابدۇنەبى قارىھاجىمنىڭ مەدرىسىسىدە خەلپەت (ئورۇنباسار ئۇستاز)لىق قىلىپ، قارى تەربىيىلەشكە باشلايدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان قارىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. كېيىن خوتەننىڭ 10 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان سەيشەنبە بازار يېزىسىدا قادىر ھاجىم مەدرىسىسىدە مەخسۇس ئۇستاز بولۇپ قارىيلارنى تەربىيىلەيدۇ.

1953 ـ 1955 ـ يىللىرى قاغىلىقتا ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىمدا دەرس ئوقۇيدۇ. شۇ يىلى يازدا ئۇستاز ئوقۇۋاتقان مەدرىسىگە پۇقراچە كېيىنگەن ساقچىلار باستۇرۇپ كىرگەندە شەمسىدىن قارىھاجىم ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىنى

پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مەسچىتكە باشلاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدۇ ۋە كېچىدە توختىماي پىيادە يول يۈرۈپ گۇمىغا كېلىۋالىدۇ ۋە ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپلا خوتەنگە كېلىپ، ئۆيىگىمۇ بارالماي كېرىيەگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئارىدىن يەتتە، سەككىز ئايدىن كېيىن تۇتۇلۇپ قالىدۇ. خوتەن تۈرمىسىدە بىر يېرىم يىل يېتىپ، ئابلىمىت داموللام ۋەقەسى دەپ تونۇلغان ئاتچۇي ئىنقىلابىدا ھېچقانداق رولى يوقلۇقىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ 1957-يىلى قالپاق كىيگۈزۈپ قويۇپ بېرىلىدۇ.

1958-يىلى پۈتۈن مەدرىسىلەر پېچەتلەنگەندىن كېيىن، شەمسىدىن قارىھاجىم كوپراتسىيەنىڭ سەيپۇڭچىلىقىنى قىلىدۇ. 1974-يىلى خوتەندە باشلانغان ئومۇميۈزلۈك تازىلاش ھەرىكىتىدە قايتا تۇتۇلۇپ، ئۆيىدىن تېپىلغان قۇرئان-كىتابلار بويىنىغا ئېسىلىپ، قولى باغلىنىپ خوتەن ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىش لاگىرىغا سەككىز ئايلىق قامىلىدۇ.

ئۇستازنىڭ 1977-يىللىرىغىچە سىياسىي تەقىب، قاچقۇنلۇق، سەرگەردانلىقتىن ئىبارەت كۆرمىگەن كۈنى قالمايدۇ. ئەترەتتە ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدۇ، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر دەپ كۈرەش قىلىنىدۇ، كوچىلاردا سازايى قىلىنىدۇ، قامىلىدۇ.

1978-يىللىرىدىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە قارى تەربىيىلەشكە باشلايدۇ. تەدرىجى ھالدا تالىپلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىدۇ. نەچچە ئونلىغان قارىي باللار يېتىشىپ چىقىدۇ.

مەرھۇم قارىھاجىم پەقەت 1978-يىلىدىن كېيىن ئەمەس، 60 ـ 70-يىللاردىكى ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىردىن، ئىككىدىن بولسىمۇ بالا ئوقۇتۇپ، باللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ، قۇرئان كەرىم ئۆگىتىپ تۇرغان. مېنىڭ ئېغىزىمغىمۇ تۇنجى ئىلمنى رەھمەتلىك شەمسىدىن قارىھاجىم سالغان ئىدى. مەن رەھمەتلىك ئۇستازىمدا قۇرئان ساۋادىمنى چىقىرىپ، قىرائەت ئۆگەنگەنىنىڭ سىرتىدا سابىت داموللامنىڭ «ئەقائىد جەۋھەرى»، «شەرىن كالام»، زىرىپ قارىھاجىمنىڭ «ئەممە پارە تەپسىرى» قاتارلىق كىتابلارنى دەرس قىلىپ ئوقۇغان.

رەھمەتلىك شەمسىدىن قارىھاجىم شۇنداق قاتتىق كۈنلەردە رامىزان كەلسە ئۆي-ئۆيلەردە تاراۋىھ نامىزى ئوقۇپ، بىر ئاي رامىزاندا ئەڭ ئاز تۆت-بەش قېتىم قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. بۇلبۇلدەك جاراڭلىق ئاۋازىغا مەپتۇن جامائەتلەر يىراق جايلاردىن كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ناماز ئوقۇيتتى. 5 ـ 6 سائەتلەپ مەرھۇمغا ئېقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان جامائەت ھېچ ھارغىنلىق ياكى زېرىكىش ھېس قىلمايتتى.

80-يىللاردىن كېيىن ھەممە ئىشنى تاشلاپ مەخسۇس قارى تەربىيىلەشكە كىرىشىدۇ. تالىپلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

1984-يىلى ئائىلىسى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە كېلىدۇ ۋە 35 يىل بۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن تۇنجى ئوغلى مۇھەممەد نۇر ھاجىم بىلەن مەككىدە يۈز كۆرۈشىدۇ.

شەمسىدىن قارىھاجىمنىڭ مەككىدىكى تۇنجى ئوغلى مۇھەممەد نۇر ھاجىم بوۋاق ۋاقتىدا ئانىسى ۋە چوڭ دادىسى بىلەن 1949-يىلى ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ئون مىڭلارچە سەرگەردان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە قېچىپ چىقىپ سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كېلىپ، مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مۇھەممەد نۇر ھاجىم مەككىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئوقۇپ يېتىشىپ، ئەرەبىستاندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالىدىغان ئەربابلارغا ئايلانغان كىشىدۇر.

مەرھۇم قارىھاجىم ھەجدىن قايتىشىدا كىچىك ئوغلى سىراجىدىن ئەزىزىنى پاكىستاندا ئوقۇشقا قويۇپ، ئۆزى خوتەنگە قايتىدۇ ۋە يەنە قارىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەربىيلەشكە باشلايدۇ.

سىراجىددىن ئەزىزى ئالدى بىلەن پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە «ئىمام مەۋدۇدى ئىسلام ئىنىستىتۇتى»دا تىل ئۆگىنىدۇ، كېيىن پاكىستان ئىسلام ئابادتىكى «خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى»غا قوبۇل قىلىنىپ، 1992-يىلى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەرەب تىلى ساھەسى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئىلمى ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئالىي مەكتەپ دىپلومىنى ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ يەرلىشىپ، بىر تەرەپتىن سەئۇدى ئەرەبىستان جىددە رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئاڭلىتىش بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سىراجىددىن ئەزىزى ئەرەبىستاندا يۇقىرى ئىززەت-ئابرويغا، بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ۋاقتىنىڭ قىسلىقىغا قارىماي ھەج ۋە ئۆمرىگە كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋە باشقا ھەر قانداق ھاجەتمەننىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، دەردىنى ئاڭلايدۇ.

مەرھۇم شەمسىددىن قارىھاجىم 80-يىللىرى خوتەندە باشلانغان ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، خوتەندىكى ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللام، ئابدۇللاھ قارى داموللام، ئابدۇل ئەزىز قارىھاجىم، ئابدۇلۋەلى ھاجىم، مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ.

مەرھۇم قارىھاجىم تولىمۇ تەقۋادار ۋە پەرھىزكار كىشى بولۇپ، ھاياتى ئۇزاق يىل مۇدەررىسلىك بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن قامدايتتى، باللاردىن ھېچ قانداق ھەق ئالمايتتى.

مەرھۇم قارىھاجىم تالىپلارغا «قۇرئان كەرىم» ئۆگەتكەننىڭ سىرتىدا «سوفى ئاللاھ يار»، «مۇبەييىنى ئىسلام»، «مىزان شەرىئەت»، «پەرزۇل ئەين» قاتارلىق كىتابلارنى، سابىت داموللام، ئابدۇلقادىر داموللام ئەسەرلىرىنى ئوقۇتاتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا كوممۇنىزمنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى، 1955-يىلقى خوتەن ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى پەتھۇددىن مەخسۇمنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

رەھمەتلىك شەمسىددىن قارىھاجىمنىڭ ئۇزاق يىل قارى تەربىيلەشنىڭ بەرىكىتى بىلەن خوتەندە نەچچە يۈزلىگەن قارى يېتىشىپ چىققان.

مەرھۇم شەمسىددىن قارىھاجىم داڭلىق قارى بولغانلىقى سىرتىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلاپ يېزىلغان «مەۋلۇدى بەرزەنجى» دېگەن ئەرەبچە نەسرى ئەسەرنى يادقا ئوقۇيالايدىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى. مەرھۇم قارىھاجىم ئوقۇغان قۇرئان كەرىم ۋە مەۋلۇدنىڭ ئۈن ئالغۇ لىنتىلىرى ھازىر خوتەندە خەلقنىڭ ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەرھۇم شەمسىددىن قارىھاجىم ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، مەخسۇس بالا ئوقۇتۇپ، قارىي تەربىيلەۋاتقان كۈنلەردە، سالامەتلىكى ياخشى بولماي، كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىپ، 1988-يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى (رامىزاننىڭ 27-تاڭ ئاتار كېچىسى) باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. مەرھۇمنىڭ نامىزى ئوقۇلۇپ، خوتەن خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇزۇن يىل ئۆزى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن يۈزلەرچە تالىپلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز يېشى ۋە نالە-پەريادى بىلەن خوتەن شەھىرىكى تۆۋرىزىم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. مەرھۇمغا ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.



# مۇھەممەد نۇر قارىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئابدۇللەھەد ئۇجات تەييارلىغان

ئۇستاز مۇھەممەد نۇر قارى تالاي قارىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان مەشھۇر قارىلاردىن شەمسىددىن قارىھاجىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1947-يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ سەيشەنبە بازار يېزىسى چالۋاش كەنتىدە تۇغۇلغان. 1949-يىلى چوڭ دادىسى مەقسۇت قارىھاجىم، ئانىسى خەيرۇننىساخان ھاجىم ۋە تاغىسى نۇرئەھمەد ھاجىملار بىلەن ھەججگە كېلىپ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە تۇرۇپ قالغان. ئاتىسى شەمسىددىن قارىھاجىم ۋەتەندە قالغانلىقى ئۈچۈن، مېھرىبان ئانىسى، چوڭ دادىسى ۋە تاغىسى نۇرئەھمەد ھاجىمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان.

ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ھاجىمنىڭ مەككە مۇكەررەمە مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدىكى مەساپىي، مىسفەلە، ئەلمىسيال، ئەششۇبەيكە ۋە ھىجلە قاتارلىق مەھەللىلەردە ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا قىبلىي كەبە ۋە مەسجىدى ھەرەمگە، ھەرەمدىكى مۆتىۋەر ئۇستازلارغا باغلانغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مەزكۇر ئۇستازلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئۇستاز دەسلەپكى دىنىي ساۋاتلارنى مەسجىدى ھەرەمدىكى ئۇستازلاردىن ئەللامە ئاشۇر ۋە مەككىدىكى داڭلىق قارىلاردىن ئابدۇرەئۇپ مەرئى ۋە تائىفتىكى ئۇستازلاردىن ئابدۇلۋاھھاپ دامۇللا قاتارلىقلاردىن ئالغان.

ئۇستاز باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى مەككە مۇكەررەمەدىكى «ئەلفەلاھ مەكتىپى»دە ئوقۇغان. ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقاندا ھەركۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆگەي دادىسىنىڭ ناۋايخانىسىدا، چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تاغىسىنىڭ سائەت دۇكىنىدا ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇغان بولسىمۇ، مەسجىدى ھەرەم ۋە ھەرەمنىڭ سىرتىدىكى باشقا دىنىي ئالىملاردا شەرئىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىمۇ قەتئىي بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدىكى پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان ۋە ھىجرىيە 1395-يىلى ئەرەب تىللىرى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

خىزمەت ھاياتى:

ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ھاجىم ھىجرىيە 1395-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مۇددەت سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەت قىلغان. كېيىن مەككە مۇكەررەمە ئۇممۇلقۇرا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئەلھىجرە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئەرەب تىلى ئۇستازى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

هىجرىيە 1417-يىلىدىن ئېتىبارەن سەئۇدىي ئەرەبىستان مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىۋاستە قارارى بىلەن مەككە مۇكەررەمە مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىسى، ئاندىن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش نازىرى، تەبىئىي پەنلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

هىجرىيە 1430-يىلىدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر مەككە مۇكەررەمەدە نەشىردىن چىقىدىغان «ئىشراقەتۇلفۇرقان» ناملىق ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ھاجىم ئۆزىنىڭ خۇشچىراي، دوستانە، ئەپۇچان، مۇلايىم، ۋاپادار، كەمتەر، ياردەم سۆيەر، سېخىي، جەسۇرلۇقى، قىسقىسى ئۆزىنىڭ يۈكسەك گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىي ھىممىتى بىلەن ساۋاقداشلىرى، دوست-يارانلىرى، خىزمەتداشلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچىدە تونۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

ئۇ ئۆز خىزمىتىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە تولۇق ئادا قىلىپ كەلگەن بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا، بولۇپمۇ مەككە مۇكەررەمەدە مائارىپ ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا مائارىپ ئىدارىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكلىپى بىلەن يۇرقان مەكتەپلىرىنىڭ[1] ئەدەبىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئىدى.

ئۇستاز ھەققىدە باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرى:

ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ھاجىم خىزمىتىدىن دەم ئېلىشقا چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەككە مۇكەررەمە مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۇستازنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، پائالىيەتتە بىر قانچە شەخسلەر سۆز قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر قانچە كىشى ئۇستاز ھەققىدە ئالاھىدە يازما ھازىرلىغان ۋە بۇ يازمىلار ئۇستازنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتابچە سۈپىتىدە بېسىپ تارقىتىلغان. مەسىلەن: مەككە مۇكەررەمە مائارىپ ئىدارىسى ئەرەب تىلى دەرسلىكلىرىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد سالىھ پىندىقچى، ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ھاجىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇستاز مۇھەممەد نۇر بىلەن تۇنجى تونۇشقان كۈندىن بىرى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە مۇھەببىتىمنى ئاشۇرغان تەرەپلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ كۆپ ساندىكى كىشىلەردە تېپىلمايدىغان، غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان مۇلايىملىق ۋە باشقىلار بىلەن چىقىشىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقى ئىدى. مەن ئۇستازدىكى بۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ئۇزۇن يىلدىن بىرى داۋاملىق ئۇچرىتىپ كەلدىم. ئۇستازدا كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، دوستانىلىق، خۇشچىرايلىق، سەۋرچانلىق، سەمىمىيلىك، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ياردەم سۆيەرلىك قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇ، بۇ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ قەلبىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ۋە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇستاز ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىش، دەردلىرىگە قۇلاق سېلىش، كۆپلەپ بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ۋە قولىدىن كېلىشىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش، ھەممىدىن مۇھىمى خىزمىتىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خىزمەت ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى

[1] شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدا بولغان، ئەمما ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلىدىغان دىپلوم بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئىلىم پەن ۋە دىن بىر گەۋدە قىلىنغان مەكتەپ.

ئالاھىدە ئەسكەرتكەن.

دوكتور ئابدۇلئەزىز ئەھمەد سەرھان مۇنداق دەيدۇ: قۇياش غەربكە قىيسايغاندا، ئاي نۇر چېچىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا، مىليونلارچە يۇلتۇزلار نۇر چېچىشقا باشلايدۇ، لېكىن ئۇستاز مۇھەممەد نۇر بەلگىلەنگەن ياش چەكلىمىسى بويىچە دەم ئېلىشقا چىقىدىغان بولسا، مەككە مۇكەررەمە مائارىپ ئىدارىسى ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئۇچرىغان زىيانلىرى سەۋەبىدىن ياش تۆكۈشكە باشلايدۇ. بۇ ساھەدە ئۇستاز مۇھەممەد نۇرنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇستاز مۇھەممەد نۇر مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن تونۇشماستىن، بەلكى پائالىيەتلەر ئۇستاز بىلەن تونۇشقان، دېگەن.

ۋاپاتى: ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ھاجىم 2015- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ماشىنا ۋەقەسىدە 67 يېشىدا ۋاپات قىلغان.

ئۇستازنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان يەرلىك گېزىتلەردىن ئەلبىلاد، مەدىنە، ئەلۋەتەن گېزىتى، مەككىلىكلەر مۇنبىرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئۇچۇر ۋاستىلىرى قاتارلىقلاردا ئۇستاز ھەققىدە مەرسىيە ۋە ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان.

مەسىلەن: ئەلۋەتەن گېزىتىنىڭ 2015- 10- ئاينىڭ 4- كۈندىكى سانىدا، ئۇستاز ئابدۇللاھ پەدئەق تەرىپىدىن ئۇستاز ھەققىدە «ھەقىقىي ئەرلەر بەكمۇ ئاز» دېگەن تېمىدا مەرسىيە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەرسىيەنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك: «ئۇستاز مۇھەممەد نۇر يۈكسەك ئەخلاق ئىگىسى ۋە پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بۇ ئەخلاقنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تۇغما ئاتا قىلىنغان ھەدىيە بولسا، يەنە بىر قىسمى ئالىم- ئۆلىمالار ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق ئۆزىدە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقتۇر. مەن مەرھۇم ئۇستاز بىلەن تونۇشقان 30 يىلنىڭ مابەينىدە گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتتە ياخشىلىقتىن باشقىسىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئۇستاز مۇھەممەد نۇرنى تونۇغان ھەرقانداق كىشى ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشنى ۋە ئۇنىڭدا تېپىلغان ئەخلاقلارنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد نۇر ناھايىتى جەسۇر، بەكمۇ سېخى، ئىشكى ھەممە كىشىگە ئۇچۇق، مېھرىبان ۋە مۇلايىم، ئىلىم ئاشىقى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئىنتايىن ئاكتىپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە بارلىق كىشىلەرگە ئۈلگىلىك ئۇستاز، ھەقىقىي مۇرەببىي، ياخشى بىر دادا ۋە دوست ئىدى. ئۇ ھەممە كىشىلەرنى ياخشى كۆرەتتى، باشقىلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. دوست- بۇرادەرلىرى ۋە يېقىنلىرىنى داۋاملىق ئىزدەپ- سوراپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئىزدىمىگەنلەرنى «ئۇلار مېنى ئىزدىمىدىغۇ» دەپ ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيتتى. ناھايىتى پەزىلەتلىك، ئالىي ھىممەتلىك، تىلى ۋە دىلى گۈزەل، شەرم- ھايالىق بىر كىشى ئىدى».

ئەلمەدىنە گېزىتىنىڭ 2015- يىلى 10- ئاينىڭ 5- كۈندىكى سانىدا ئابدۇرەھمان سەئدۇلئۇرابى تەرىپىدىن «ياخشى ئادەم» دېگەن تېمىدا، مەككىلىكلەر مۇنبىرىدە بولسا «مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە قانچە مۇھەممەد نۇرى بار؟» دېگەن تېمىدا مەرسىيەلەر يېزىلغاندىن باشقا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىمۇ ئالاھىدە يەر بېرىلگەن. ئاللاھ تائالا ئۇستازنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن. (ئامىن)

www.uyghurkitap.com

# قاقشىما

(غەزەل)

مۇھەممەدئىمىن ئابدۇرېشىت

ئاقنى قارا بوپ كەتتى دەپ، بۇ زاماندىن قاقشىما،
بىرنى بىر دېگىن ھاياتتا، باش كەتسە مەيلى قاقشىما.
مەيدانى مۇجمەل، تېگى پەسلەر چىقسا گەر ئەل بېشىغا،
سەن خەلقىڭگە بولغىن چاكار، قويغىن ئۇلاردىن قاقشىما.
تەزىم قىلىپ يالاقچىلار، بىر مەھەل گەر تاپسا بازار،
تىك تۇر ئۆزۈڭ قارىغاي كەبي، تەخسىكەشتىن قاقشىما،
ۋەتەن نېمە، مىللەت نېمە، بىلمىگەنلەر زەيپاندۇر،
بىلمەك ئۈچۈن تىرىش، ئوقۇ، بىلمىگەندىن قاقشىما.
ۋەتىنىڭ چەيلەنسە ئەگەر ئالۋاستىلەر تاپىنىدا،
ياۋغا قارشى جەڭگە چۈشكىن، ۋەتەن-ئېلىڭدىن قاقشىما.
تەپرىق ۋە جەھلى-جاھالەت زەبۇنلۇققا بائىس ئىرۇر،
جان پىدا قىلغىن ئىلىمغا، جاھىللاردىن قاقشىما.
دوستلىرىڭ پۇت تېپىشىپ، بىر-بىرىگە ئاتسا پىچاق،
قالقان بولغىن شۇ پىچاققا، دوستلىرىڭدىن قاقشىما،
دىنىڭنى ھەم ئۇممەتنى سۆي ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆي،
دىن ھەم ۋەتەننى سۆيمىگەن ماڭقۇرتلاردىن قاقشىما،
مەككىدە پاسقمۇ بار، پارژدا باردۇر تەقۋادار،
قوپالمىساڭ بامداتقا گەر، يۇرت-ماكاندىن قاقشىما،
بارمىقىڭغا بىر قاراپ، خالقنى گەر تونالمىساڭ،
قوي سوئال ئەقلىڭگە، زىنھار ئۇستازىڭدىن قاقشىما.
ئەۋلاد ئۈچۈن ئىمان كېرەك، ھەم ھايا ۋىجدان كېرەك،
ئۆز-ئۆزۈڭگە قويغىن سوئال پەرزەنتىڭدىن قاقشىما.
تىرىغاننى يىغار ھەر كىم، بۇ جاھان ئۆتنە جاھان.
قىلغىنىڭ يانسا ئۆزۈڭگە ھېچبىر كىشىدىن قاقشىما.
كېتەر بولساڭ بۇ دۇنيادىن ھەقىقىي ئەركەك كەبي،
يەڭنى تۇر، جەڭگاھقا چۈش، ئۈنىڭ-بۇنىڭدىن قاقشىما.
بېلى بوشلار پەگادىدۇر، چىمپىيۇنلارغا مىدال،
چۈشمەي تۇرۇپ مەيدانغا سەن، «تەقدىر»ىڭدىن قاقشىما.
تەۋسىيەدۇر پىقىردىن بۇ، ياز ئۇنى قەلبىڭگە سەن،
سەل قاراپ ئۆتسەڭ بۈگۈن، تاڭلا ئۆزۈڭدىن قاقشىما.